بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە


❖ غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى ................ ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 3

❖ ئەھلى سۈننەت ۋە جەمائەت ھەققىدە بايان ........ ئابدۇلئەھەد ھاپىز 16

❖ ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىش كېرەك ........ ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 27

❖ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ........ مۇھەممەد يۇسۇپ 32

❖ ئىسلامىي جىھادنىڭ ھەققىتى ........ ئابدۇلئەھەد ئۇجات تەرجىمىسى 40

❖ تۈرك دۇنياسىغا ۋە تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە نەزەر ........ ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 47

❖ بۈگۈنكى ئوقۇرمەن ۋە «تارىخى ھەمەدى» ........ ئابدۇۋەلى ئايۇپ 61

❖ مەن كۆرگەن ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم ........ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت 70

❖ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50گۆلخان ........ مۇھەممەدئىمىن ھاجىم تەرجىمىسى 74



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ژۇرنال

(پەسىللىك)

2017

3 ـ سان

(ئومۇمىي 20 ـ سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىش
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com



ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net



# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:

**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**

*TEL: 0212_6243928*

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ئالدىنقى سانلاردا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ دىنىي يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولۇش؛ دۈشمەنلەردىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىش؛ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش قاتارلىق بىر قانچە تۈرلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئالدىنقى ئىككىسىگە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن مىساللارنى كەلتۈرگەن ئىدۇق. نۆۋەتتىكى ساندا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مىساللىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. تارىخنىڭ كونا-يېڭى بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، مۇئمىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، خەلقنى پاراۋان-باياشات تۇرمۇشتا ياشاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. «قۇرئان كەرىم»دە داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە زۇلقەرنەين قاتارلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ئادالەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ جىھادىي ھەرىكەتلىرى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مېتودلىرى ۋە سۈپەتلىرى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنىپ، مۇئمىنلەرگە ئۈلگە قىلىندۇ ۋە ئۇلارنىڭ نىشانىنىڭ دۇنيا مەنپەئىتى ئۈچۈن

باسمىچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنى شېرىك ئەقىدە ۋە تۈرلۈك زۇلۇملاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا ئەقىدىگە يېتەكلەش، ئادالەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئىنسانىيەت شان-شەرىپىنى قوغداش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن مۇھىم ساۋاقلار

ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر مەزگىل (بەزى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە 356 يىل) پادىشاھسىز قالغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇلار ئەمالىقەلەر، ئاراملەر قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مۇددەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئىسرائىل ئەۋلادىغا تالۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، تالۇت تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلاردىن تەۋرات قاچىلانغان ساندۇقنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولغان داۋۇد ئىسىملىك بىر يىگىت مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇ يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ باشلىقى جالۇتنى ئۆلتۈرىدۇ، تالۇت مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن داۋۇدقا قىزىنى نىكاھلاپ بېرىدۇ، داۋۇد جەڭلەردە دۈشمەنلەرنى يېڭىپ، ئارقا-ئارقىدىن غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ. تەقۋالىقى، كەمتەرلىكى، ئابىدلىقى ۋە ئادىللىقى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يېتەكچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، تالۇت ئۆلگەندىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادى داۋۇدنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىدۇ. بۇ چاغدا داۋۇدنىڭ يېشى تېخى 30 دىن ئاشمىغان ئىدى. داۋۇد خەلق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەۋرات ئەھكاملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك كېلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆت ساماۋى كىتابلارنىڭ بىرى بولغان زەبۇرنى نازىل قىلىدۇ. زەبۇر قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنى ۋە ھەمدۇ-سانالارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام خۇش ئاۋاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن زەبۇرنى تىلاۋەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىۋېتەتتى، ھەتتا قۇشلارمۇ ۋە تاغلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەسبىھ ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈر تاۋلاش، ساۋۇت ياساش قاتارلىقلارنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا تۆمۈر خېمىردەك يۇمشاپ كېتەتتى. ئىبنى جەرىر قاتارلىق ئالىملار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ 100 يىل

ياشىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[1]

داۋۇد ئەلەيھىسسالام دۆلەت ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق ئالدىراش بولغان بولسىمۇ، رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتاتتى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ، رەببىگە كۆپ شۈكۈر ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەت ۋە ئىبادەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىدا ئۇخلايتتى، ئۇچتىن بىرىدە ئورنىدىن تۇراتتى، ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى، بىر كۈن (نەپلە) روزا تۇتسا، بىر كۈن روزا تۇتمايتتى.»[2].

«قۇرئان كەرىم»دە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تالۇتنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى بىر مۇجاھىد بولۇپ، جالۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى؛ كېيىن ئۇنىڭغا سەلتەنەت، خەلىپىلىك، پەيغەمبەرلىك، زەبۇر ۋە كەڭ دائىرىدە پايدىلىق ئىلىملەر، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان روشەن سۆز-ئىبارىلەر بېرىلگەنلىكى؛ نۇرغۇن بەندىلەردىن ئۈستۈن قىلىنغانلىقى؛ تاغلار، قۇشلار بويسۇندۇرۇپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتقانلىقى؛ تۆمۈرنىڭ يۇمشىتىپ بېرىلگەنلىكى؛ ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈلگەنلىكى؛ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە سەلتەنەتى كۈچلۈك، ئاللاھقا ئىتائەتچان، سەۋرلىك ۋە شەرەپلىك بەندە ئىكەنلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ ۋە بارلىق ھاكىملارغا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمەسلىكتىن ئىبارەت مۇھىم قائىدىلىرىدىن تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»[3]

بۇ ئايە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە ياخشى بەندىلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا

---

[1] ئۇستاز مۇھەممەت سالىھ داموللاھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلىرىدىن ئېلىندى.

[2] مسلم، كتاب الصيام، باب النهي عن صوم الدهر (816/2) رقم 189

[3] سۈرە ساد، 26-ئايەت.

ئەگىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ شەرىئەت بىلىملىرىنى ۋە ۋەقەلىكنى ئەتراپلىق بىلىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى بىلمىگەن كىشىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش سالاھىيىتى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.[1]

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى تاللاپ، ئۇنى پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىق ۋارىسى قىلدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاغ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلىشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشىتىپ بېرىلىشى، ساۋۇت ياساش سانائىتىنىڭ بېرىلىشى قاتارلىق كاتتا نېمەتلەر بېرىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلىشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشىتىپ بېرىلىشى، ساۋۇت ياساش سانائىتىنىڭ بىلدۈرۈلۈشى قاتارلىقلار)نى ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى،) مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن.»[2]

داۋۇد ئەلەيھىسسالام تارىختا تۇنجى ساۋۇت ياسىغان كىشى بولۇپ، بۇ سەنئەتنى كېيىنكىلەر ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەندۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «جەڭلەردە سىلەرنى (يارىدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟»[3]

بۇ ئايەت ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشنىڭ شەرەپلىكىگە، سەۋەبلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دالالەت قىلىدۇ؛ مۆئمىنلەرنى ئىشلەشكە، ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشكە، ئىجادچانلىققا ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە ئىمان بىلەن كۈچەيگەن قوشۇنلارنى تەييارلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىسىدىن نۇرغۇن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن بولۇپ، مۇپەسسىر ئەللامە سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى

[1] انظر: تفسير السعدي الذي جمع في مجلد واحد ص 660.

[2] سۈرە سەبەئ، 10 ـ ، 11 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەنبىيا 80 ـ ئايەت.

نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى، يېتەكچىلەرنى ۋە ياخشى بەندىلەرنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن تاۋلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ يېتىشتۈردىغانلىقى.

2 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلانغانلىقى. چۈنكى دىنى تولۇق ۋە ساغلام يەتكۈزۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3 ـ يېتەكچىلەرنىڭ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، مەنىۋىيىتىنى كۈچلەندۈرۈشىنىڭ ۋە ھەربىر زەپەر ئۈچۈن رەببىگە شۈكۈر قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

4 ـ خەلقنىڭ ئامىسىنىڭ يېتەكچىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتە ئەدەب ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

5 ـ يېتەكچىلەرنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئەدەبسىزلىك ۋە يامان مۇئامىلىگە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئادالەتتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

6 ـ يېتەكچىلەرنىڭ سەۋرچان، مۇلايىم ۋە تەمكىن بولۇپ، سەۋرسىزلىكتىن، غەزەپلىنىشتىن ساقلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

7 ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلارغا زۇلۇمنى ئەسلىتىشىنىڭ ۋە ئۇلارغا: «زالىم»، «زومىگەر» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قوللىنىشىنىڭ جائىزلىقى.

8 ـ يېتەكچىلەرنىڭ سەمىمىيەت بىلەن نەسىھەت قىلغانلارغا غەزەپلەنمەستىن، بەلكى رەھمەت ئېيتىپ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

9 ـ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىقتىسادىي شېرىكچىلىكتە بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىنىپ، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچراش ئەھۋاللىرى يۈزبېرىپ تۇرىدىغانلىقى، لېكىن بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن بىر يولىنىڭ ئىمان، تەقۋالىق ۋە سەۋر ئىكەنلىكى.

10 ـ تەۋبە ـ ئىستىغپار ۋە نامازلارنىڭ گۇناھلارغا كەپپارەت بولىدىغانلىقى.[①]

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن مۇھىم ساۋاقلار

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 16 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ 12 ياشتا ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىدا ئولتۇردى. ئاللاھ تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا كىچىكىدىلا ھېكمەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاتىسى داۋۇد

---

① تفسير السعدي الذي اختصر في مجلد ص 559، 660.

ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىغا قاتناشقان بولۇپ، كىچىكىدىلا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. چوڭ بولغاندا ئاللاھ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلىدۇ، قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلدۈرىدۇ، شامالنى ۋە جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھ بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن، ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بەيتۇلمۇقەددەسنى تەمىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىنى ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ تەمىر ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، قۇرۇلۇشنى يەتتە يىلدا تاماملايدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ئۈچۈن ئاتلارنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىبنى ئىسھاق قاتارلىق ئالىملار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ 52-يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى، 40 يىل پادىشاھ بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[①]

«قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ ئىلىملەر بېرىلگەنلىكى؛ ئىلىم-ھېكمەتتە، پادىشاھلىقتا، پەيغەمبەرلىكتە ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى قىلىنغانلىقى؛ نۇرغۇن بەندىلەردىن ئۈستۈن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقانلىقى؛ قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلگەنلىكى؛ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ھەممە نېمەت ئاتا قىلىنغانلىقى؛ ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلىش ھەققىدە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغانلىقى؛ دۆلەتنى ئىلىم ۋە ئىمان بىلەن ئىدارە قىلغانلىقى ئۈچۈن بىلقىستىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكى؛ ئۈچار قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىش ۋە چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن سۆزلىشىش نېمىتىنىڭ بېرىلگەنلىكى؛ چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باسالايدىغان شامالنىڭ بېرىلگەنلىكى؛ كاتتا سارايلارنى، ئاجايىپ ھەيكەللەرنى، چوڭ لېگەنلەرنى، يوغان قازانلارنى ياسىيالايدىغان جىنلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكى؛ مىس چىقىدىغان بۇلاقنىڭ ئاقتۇزۇپ بېرىلگەنلىكى؛ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن قوشۇنلىرىنىڭ بولغانلىقى؛ ئۇنىڭغا يەنە ئاللاھقا يېقىنلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بېرىلگەنلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە ۋە

[①] ئۇستاز مۇھەممەت سالىھ داموللاھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلىرىدىن ئېلىندى.

ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشىنىڭ باشلىنىشىغا، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك كۆرۈنۈشلىرىگە ۋە قانداق داۋاملاشقانلىقىغا ئىشارەتلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك يولىدا ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاق بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مېتودلىرىغا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش.

2 ـ يامانلارنى تىزگىنلەپ، ياخشىلارنى تەقدىرلەش. بۇ مۇئمىن ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم مېتودلىرىنىڭ بىرىدۇر، ئەمما زالىم ھۆكۈمرانلار بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ياخشىلارنى تىزگىنلەپ، يامانلارنى تەقدىرلەيدۇ.

3 ـ دۆلەت بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش.

4 ـ دەۋەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش. ۋەتەنداشلارغا ۋە قوشنا ئەللەردىكى خەلقلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرىدىغان دەۋەتچىلەرنى تەييارلەش؛ دىنىي كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنى نەشر قىلىش؛ ئۈچۈر ۋاستىلىرىنى دەۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.

ئىمام قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بۇ، دىنىي چۈشەنمەيدىغانلارغا مەكتۇپ ۋە كىتابلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دالالەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ كىسرا، قەيسەر قاتارلىقلارغا ئوخشىغان رەئىس ـ پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، مەكتۇپ يوللىغان ئىدى.①

باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا خارلىق ۋە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىززىتى، ئىمان شەرىپى ۋە قۇرئان ھەيۋىتى بىلەن دەۋەت قىلىش كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يەمەندىكى سەبەئ شەھرىنىڭ پادىشاھى بىلقىسنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مۇنداق مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار.»②

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا دەۋەت جەريانىدا، ھەدىيە ـ سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ، دەۋەت يولىنى دۇغلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلقىسنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەر ماڭا مال سوۋغات

① تفسير روح المعاني (190/13).

② سۈرە نەمل، 30 ـ ، 31 ـ ئايەتلەر.

قىلىپ ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوۋغىتىڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر.»[1]

5 ـ مۇناسىپ ئورۇن ۋە مۇناسىپ ۋاقىتتا ئىككىلەنمەي، توغرا قارار ئېلىپ قېيىن ئۆتكەلدىن غەلىبىلىك ئۆتۈش. «قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلقىسنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز.»[2]

6 ـ تالانتلىقلارنى توغرا بايقاپ، ھەر كىشىنى ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەتكە قويۇپ، تالانتلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىش.[3]

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بەزى سۈپەتلىرىگىمۇ ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ كەسكىن بولۇش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭمۇ يىغىلىشقا سەل قارىماسلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە كەسكىن مۇئامىلە قىلغان.[4]

2 ـ تەمكىن بولۇش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەمكىن زات بولۇپ، ئۇ ئۆزرىسى بارلارنى جازالاپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈچۈن خاتالاشقانلارنىڭ خاتالىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۇلارغا جازا بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەيتتى.[5]

3 ـ ئەپۇچان بولۇش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەپۇچان بولۇپ، خاتالاشقانلىقنى تونۇپ، ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنگەنلەرنى ئەپۇ قىلاتتى. ئۇ جازالاشنى ئەمەس، بەلكى خاتالاشقانلارنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساس قىلاتتى.

5 ـ ئۆزرىنى قوبۇل قىلىش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزرە ئېيتقانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى، جازاغا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ جەريان ۋە تەپسىلاتىنى تەكشۈرەتتى. ئىمام قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بۇ باشلىق بولغان ئادەمنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئالدىراپ جازالىماسلىققا دالالەت قىلىدۇ.[6]

4 ـ كۆچلۈك بولغانلىقى ۋە

---

[1] سۈرە نەمل، 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەمل، 37 ـ ئايەت.

[3] تفسير روح المعاني (193/9).

[4] في ظلال القرآن (2638/5).

[5] تفسير القرطبي (180/13).

[6] تفسير القرطبي (184/13).

قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن مەغرۇرلانماسلىق، ھەربىر ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش. «قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلقىسنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، رەببىگە شۈكۈر ئېيتىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (ئاللاھنىڭ) كەرىمى كەڭدۇر.»①

5 ـ كەمتەر بولۇش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، يول ماڭغاندا ھەتتا ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىكنى ئىزھار قىلىپ تۇراتتى.

6 ـ ئادىل بولۇش. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئادىل پادىشاھ بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇنىڭ ئادىللىقى ئىنسانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا چۈمۈلىلەر ئارىسىدىمۇ تونۇلغان ئىدى.

① سۈرە نەمل، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«قۇرئان كەرىم»دە بىر چۈمۈلىنىڭ باشقا چۈمۈلىلەرگە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ چۈمۈلىلەرنى ھەرگىز يەنچىۋەتمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان بەلكى زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان ئادىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىلمەي يەنجىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كېتىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن.»②

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ چۈمۈلىدىنمۇ بەك ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايىتىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلدى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.»③

## زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن مۇھىم ساۋاقلار

② سۈرە نەمل، 18 ـ ئايەت.

③ سۈرە نەمل، 19 ـ ئايەت.

بەزى مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيننى مەشھۇر ئىسكەندەر مەقدۇنى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى يەمەننىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۈيۈك سەلتەنەت، ھېكمەت ۋە پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان دەپ قارايدۇ. زۇلقەرنەيىن ئىسكەندەر مەقدۇنى ئەمەس دېگۈچىلەر ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتېلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيننىڭ بولسا، ئاللاھقا ئىشەنگەن مۇئمىن ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. زۇلقەرنەيننى مەشھۇر ئىسكەندەر مەقدۇنى دەپ قارىغۇچىلار ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆزنى، بۇ ئۇنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدى ئامۇننى ھۆرمەت قىلغىنىدەك، ئۆزى بويسۇندۇرغان مىللەتلەرنىڭ مەبۇدلىرىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سۆز بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئارىستوتېلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەن دېگەن سۆز ھەققىدە «روھۇل مەئانى» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دېگەن: «بىز ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپەسىگە پۈتۈنلەي ئېتىقاد قىلغانلىقىغا قايىل ئەمەسمىز. چۈنكى بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە شاگىرت بولۇشى ئۇنىڭ ھەممە مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى ئۇستازىنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.» ئىسكەندەر مەقدۇنى مىلادىيەدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان، ئاتىسى ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، ۋە ئىلىم مەرىپەت جەھەتتە كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلغان، ئۆز دەۋرىدە جاھاننىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇرغان. مىلادىيەدىن 332 يىل بۇرۇن مىسىرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پارىسلارنى ھەيدەپ چىقارغان. مىسىردا ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بىنا قىلغان. ئۇ ئىراق، ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ مىلادىيەدىن 323 يىل بۇرۇن بابىلدا 33 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ ئىككى باغلام ئۇزۇن ئاق پەي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتالغان.[①]

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بەزى مۇپەسسىلەر «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيننىڭ ئىسمى، نەسەبى، سەپەرلىرى، زۇلقەرنەيىن دەپ تەخەللۇسى بېرىلىش سەۋەبلىرى، ياشىغان زامان ـ ماكانلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەلۇماتلارنىڭ گۇمان ۋە تەخمىنلەر بىلەن، ياكى يەھۇدى ئەپسانىلىرىغا

[①] ئۇستاز مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلىرىدىن ئېلىندى.

ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئېنىق. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە ياكى ھەدىس شەرىپلەردە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ مەلۇماتلار ھەققىدە ھېچقانداق ئىشارەتلەر يوق.①

بىلىش كېرەككى، زۇلقەرنەيننىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىسىدە، پايدىسىز تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىلمەستىن، پەقەت دەرس ۋە ساۋاق بولىدىغان تەرەپلەرلا بايان قىلىنغان.②

زۇلقەرنەيننى تونۇشىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئادالەت بىلەن دۆلەت ئىدارە قىلغان ئۇلۇغ شەخس، چوڭ ئىسلاھاتچى ۋە ئۈلگىلىك رەھبەر ئىكەنلىكى بىلەن تىلغا ئېلىنغانلىقى يېتەرلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە زۇلقەرنەيننىڭ زېمىندا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىنغانلىقى؛ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يوللىرىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى؛ ئۇنىڭ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بېرىپ، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى؛ ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتقانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: «ئى زۇلقەرنەين! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەندە، زۇلقەرنەيننىڭ: «كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز» دېگەنلىكى؛ زۇلقەرنەيننىڭ كۈنچىقىش تەرەپكە بېرىپ، كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلايدىغان كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق نەرسىلەر ئاتا قىلىنمىغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى؛ ئۇنىڭ بۇ قەۋمگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى قەۋمگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلغانلىقى؛ زۇلقەرنەيننىڭ يەنە ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئىككى تاغ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتقانلىقى؛ ئۇلارنىڭ: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۈج بىلەن مەجۈج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش تۆلىسەك؟» دېگەنلىكى؛ زۇلقەرنەيننىڭ: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا،

① انظر: مع قصص السابقين في القرآن للخالدي (255،254/6).

② انظر: مع قصص السابقين في القرآن (244،242/6).

كۆيـــۈكلەرنى بىســـتىلار». تۆمـــۇر پارچىلىرى (قىزىپ) ئـوتتەك بولغانـــدا، ماشا (ئىپـرىتلىگەن مىسـنى) بىـرىتلار، ئۇستىگە تۆكەي»، «بـۇ (توسـمىنىڭ بەرپـــا قىلىنىشـــى) پەرۋەردىگارىمنىـــڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىـــڭ ۋەدىســـى ئىشـقا ئاشـقاندا، ئـۇ ئـۇنى تۈپتـۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسـى ھەقتـــۇر» دېگەنلىكـــى قاتـــارلىق ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ.

زۇلقەرنەيىننىڭ قىسسىسىدە، ئـاللاھ بەرگەن نوپـۇزنى ئاللاھنىـــڭ سـۆزىنى ئۇستۈن قىلىشـقا، كىشـىلەر ئارىسـىدا ئادالەتنى يېيىشقا، تاجاۋۇزچى زالىملارنى تىزگىنلەپ، سالىھ مـۇئمىنلەرگە يـاردەم بېرىشـــكە، زۇلـــۇم ۋە چىرىكلىكنـــى چەكلەپ، ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا ئىشلىتىش لازىملىقى؛ پۈتـۈن دۇنيانى بويسـۇندۇرغان تەقـدىردىمۇ، قەتئىـــي مەغرۇرلانماســـتىن، ھايـــاتى دۇنيانىـــڭ زىبـــۇ ـ زىننەتلىـــرىگە ئالدانماســـتىن ھەقىقىـــي مۇئمىنلىـــك ئوبرازىنى نامايـــان قىلىـش لازىملىقـى؛ غـــايە ـ نىشـــانلارغا يېـــتىش ئۈچـۈن سەۋەبلەرگە رىئـايە قىلىـش لازىملىقـى قاتارلىقلارغا ئۆچۈق ئىشارەتلەر بار.

زۇلقەرنەيىننىڭ قىسسىسى قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلار بىلەن تولۇپ تاشقان قىسســە بولـۇپ، مـۇھىملىرىنى تۆۋەنــدىكى نۇقتىلارغـا يىغىنچاقلاشــقا بولىدۇ:

1 ـ ئـــاللاھ تائالانىـــڭ خالىغـــان بەندىسىگە مال ـ دۇنيا، ئىلىم ـ ھـېكمەت ۋە ســـەلتەنەت بېرىـــپ، بەزىســـىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش.

2 ـ ئاللاھ تائالانىــڭ كائىنـاتتىكى قـــانۇنىيەتلىرىگە مۇناســـىپ ھالـــدا، ســەۋەبلەرگە رىئـايە قىلىـش. چـۈنكى غەلىـــبە ۋە زەپەر تىرىشـــچانلىقنىڭ ھەجمىگە بېقىپ بولىدۇ. زۇلقەرنەيىنىـــڭ غەلىبىسىنىڭ ھارمـاي ـ تالمـاي ئـۇزۇن ســەپەرلەرنى كېــزىش بىــلەن قولغـــا كەلگەنلىكى ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن چوڭ ئىبرەتتۇر.

3 ـ غايىگە يېتىش يولىدا ھورۇنلۇق قىلماستىن، ھېرىپ ـ چارچاشـنى باھـانە قىلماســـتىن داۋاملىـــق تىرىشـــچانلىق كۆرسىتىش.

4 ـ ياخشــى ئىشـــلاردا ئاكتىــپ ۋە ئالدىدا بولۇش.

5 ـ دۈشمەنلەرنى يېڭىپ، غەلىــبىگە ئېرىشكەندە، ئـۇلارنى ســازايى قىلىــپ ئۆلتۈرماســـتىن، بەلكـــى ياخشـــىلارغا ياخشـــىلىقچە، يامانلارغـــا يامانلىقىنىـــڭ مىقدارىچە مۇئامىلە قىلىش.

6 ـ نوپـــۇز ئىگىلــرىگە زۇلـــۇم ۋە نـــاھەقچىلىقلار شـــىكايەت قىلىنغانـــدا، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالماستىن، نوپۇزى ئۆتكەن دائىرىدە ياردەم قىلىپ، ئادالەتنى ئىزھار قىلىش.

7 ـ نوپۇز ئىگىلىرى خەلقنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە كـۆز قىرىنـى سېلىشـتىن

ساقلىنىش، خەلق ئۆزلىرى رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىشتىن ھەزەر قىلىش. شۇنداق قىلغاندا نوپۇز ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىيالايدۇ ۋە خەلقنىڭ تېخىمۇ قوللىشىنى قازىنالايدۇ.

8- ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش.

9- ئىشلارنىڭ ياخشى ئورۇندىلىشى ئۈچۈن، ئىشقا باش بولغانلار بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋالماستىن، ئىشقا بىۋاستە قاتنىشىش.

10- خەلقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرىنى ھېس قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ نەتىجە ۋە مېۋىلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش.

11- خەلق ئاممىسىغا بۇ دۇنيانىڭ ھامان يوقىلىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئاخىرەت ھاياتى ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتە ھەر ئىنسان بۇ دۇنيادا قىلغانلىرىنىڭ جازا-مۇكاپىتىنى ئالىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش.

12- ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، خەلق دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرغۇدەك، ياخشى نام قالدۇرۇدىغان ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا ئالدىراش.

13- ئۆزىدە شىجائەتلىك، ئىپپەتلىك ۋە ئادالەتلىك قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش.

14- ھەر خىل كۆز قاراشتىكى قەۋم ۋە جامائەتلەرنى ئاللاھنىڭ قانۇن-شەرىئىتى بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ۋە بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش.①

زۇلقەرنەيننىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىسىدە يەنە زۇلقەرنەيننىڭ بىر مۇئمىن ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادىل ئىش باشقۇرۇشتا تايانغان دەستۇرلىرى؛ خەلقنى تەربىيلەشتە ئاساسلانغان قانۇن-تۈزۈملىرى؛ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلانغان تۈرلۈك ئىلملىرى؛ دۆلەت بىنا قىلىشتىمۇ بەكراق ئىنسان بىنا قىلىشتىكى تالانتلىرى؛ خەلقنى قايىل قىلىشتىكى ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى؛ مەدەنىيەت ۋە ھازارەت يارىتىش چۈشەنچىلىرى قاتارلىقلارغىمۇ ئۈچۈق ئىشارەتلەر بار بولۇپ، بۇلاردىن ھەر بىر ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ تىرىشقىنىغا ۋە ئېھتىياجىغا كۆرە نېسىۋە ئالالايدۇ.

ھەقىقەتەن بىز «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدىكى ھەربىر قىسسىدىن ساناپ تۈگەتكۈسىز قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلارنى يەكۈنلىيەلەيمىز.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

---

① انظر: تفسير الإمام القاسمي (11/87-90).




بىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇممەت، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغان جامائەت قىلغان رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە ئەسھابى كىراملارغا ھەدسىز دۇرۇد ۋە سالام يوللايمىز. بىزنى ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە ئەھلى سۈننەت يولىدىن ئايرىۋەتمەسلىكىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەيمىز.

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇقۇمۇشلۇق ۋە ئۇممەتكە رەھبەر بولىدىغان زاتلارنىڭ مەلۇماتىنى يوقلىسام، كۆپ سانلىقى «ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەت» دېگەن كىم؟ قاچان چىققان؟ ئەقىدىسى نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم مەلۇماتلاردىن ئانچە خەۋىرى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر پىكرى يوق، باشقىلار نېمە دېسە شۇنى تەقلىد قىلىپ كېتىۋېرىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يولنى يورۇتۇپ، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مەرىپەت ژۇرنىلىنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىگە «ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەت» ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ماقالىنى يازدىم. ۋاقتىنىڭ قىستاپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەلۇماتلارنى قىسقارتىپ يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ ماقالىدا «ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەت» كىم؟ قانداق شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئومۇمي شەكىلدە چۈشەندۈرۈلدى. ئاللاھ تائالا بۇنى توغرا يولدا مېڭىشىمىزغا ۋەسىلە قىلغۇسى.

ئالدى بىلەن سۈننەت ۋە جامائەت دېگەن سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سۈننەت ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، قىلغان ئىشلىرى، سۈپەتلىرى ۋە تەقرىرلىرى (تەستىقلىغان

ئىشلىرى)دۇر. بۇ يەردىكى سۈننەتتىن يول، ئۇسلۇب، مېتود، ئەگىشىپ ماڭىدىغان يول خەرىتىسى، جەمئىيەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىيدىغان خۇسۇسىيەت مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ يەردىكى سۈننەتنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: سۈننەت-بىرخىل ئەقىدە ئەتراپىغا توپلاشقان جامائەت ياكى ئۈممەتنىڭ ئېتىقاد يولىدۇر. بۇ يولدا بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان ۋە ئوخشاش قاراشتا بولغان ئىنسانلار «جامائەت» دەپ ئاتىلىدۇ[1]. سۈننەت قۇرئان كەرىمدە «ئۈممەت» مەنىسىدىمۇ كەلگەن. مەسىلەن: ﴿قد خلت من قبلكم سنن فسيروا في الأرض فانظروا كيف كان عاقبة المكذبين﴾ «سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ ئۆتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ھەقنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار.»[2] ﴿فلن تجد لسنة الله تبديلا﴾ «ئاللاھنىڭ سۈننىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.»[3] بۇ ئايىتى كەرىمدە بايان قىلىنغان سۈننەت، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ۋە تەدبىرى ئۈچۈن بېكىتكەن قانۇن-پىرىنسىپىدۇر. بۇ مەنە ئىسلام ئىستىلاھىدا «ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى» دەپ ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، سۈننەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئۇسلۇبى ۋە بۇ پەيغەمبەر ئۇسلۇبىنى بىرلىكتە تۇتۇپ ماڭغان ساھابىلەر جامائىتىنىڭ يولىدۇر. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىنى بەرپا قىلغان نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان: ﴿كما أرسلنا فيكم رسولا منكم يتلو عليكم آياتنا ويزكيكم ويعلمكم الكتاب والحكمة ويعلمكم ما لم تكونوا تعلمون﴾ يەنى «شۇنىڭدەك ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى گۇناھلاردىن پاكلايدىغان، سىلەرگە كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»[4]

قۇرئان كەرىم پەرز، ۋاجىب، ھالال ۋە ھارامنى بېكىتىشتە ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ﴿إنما كان قول المؤمنين إذا دعوا إلى الله ورسوله ليحكم بينهم أن يقولوا سمعنا وأطعنا وأولئك هم المفلحون . ومن يطع الله ورسوله ويخش الله ويتقه فأولئك هم الفائزون﴾ يەنى «(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ

[1] شەھرىستانى «الملل والنحل» 1-توم، 47-بەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 137-ئايەت.
[3] سۈرە فاتىر: 43-ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە: 151-ئايەت.

پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق› دېيىشلىرى كېرەك. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشلاردىن كۈچۈڭلارنىڭ يەتكىنىنى قىلىڭلار. مەن توسقان ئىشتىن قەتئىي يېنىڭلار» دېگەن.[2]

سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش دىنىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. قۇرئان بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، سۈننەتنىڭ كېرىكى يوق دېيىش ئازغۇن ئېقىملارنىڭ سەپسەتىسى بولۇپ، ئۇ دىنغا خىيانەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى بۇنداق قاراش كۆرۈنۈشتە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنگەن بىلەن ھەقىقەتتە دىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغان خەتەرلىك ئۇنسۇردۇر. ئەگەر قۇرئان بىزگە يېتىدۇ، دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن قۇرئانغا ئەمەل قىلماقچى بولسا، قۇرئان ئۇلارغا رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇق ۋە توسقانلىرىغا ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وما آتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا﴾ يەنى «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن

[1]سۈرە نۇر: 51 ـ ۋې 52 ـ ئايەتلەر.

[2]ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

نەرسىدىن يېنىڭلار»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆزىنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان: «ئاراڭلاردا مەندىن كېيىن ياشىغانلار كۆپلىگەن بۆلۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ. سىلەرگە مېنىڭ سۈننىتىمگە، توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىرىمنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار ۋە ئۇنى ئېغىز چىشىڭلار بىلەن چىڭ تۇتۇڭلار. يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر. ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.»[4]

ئاللاھ تائالا ساھابە كىراملار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿والسابقون الأولون من المهاجرين والأنصار والذين اتبعوهم بإحسان رضي الله عنهم ورضوا عنه وأعد لهم جنات تجري تحتها الأنهار خالدين فيها أبدا ذلك الفوز العظيم﴾ يەنى «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغانلار)دىن ئاللاھ رازى بولىدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ

[3]سۈرە ھەشر: 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4]ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى. ھەسەن ھەدىس.

قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.[1] ئاللاھ تائالانىڭ ساھابە كىراملارنى ماختىغانلىقى ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنى ساھابە كىراملارغا ئەگىشىشلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ماختىشىغا، مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشلار دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتە يەنە ساھابە كىراملارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ماختىشىغا لايىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ دەۋرىم، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرىدۇر.»[2] ساھابە كىراملارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن ماختىلىشى ۋە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش شەرتى بىلەن مەدھىيىگە لايىق كۆرۈلۈشى، ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان جامائەتنىڭ ساھابىلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسىدىن باشقىسى دوزاختىدۇر» دېگەن. ئۇ پىرقە كىم؟ دەپ سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىدا بولغانلاردۇر» يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇ جامائەتتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

بۇنىڭغا ئاساسەن «جەمائەت» ئۈممەتنىڭ دەسلەپتە ساھابە كىراملار، كېيىنكى دەۋردە سالىھ ئالىملاردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن «جامائەت كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۆلۈپ كەتتى» دېگەندە، «پالانى ۋە پالانى» دېگەن. ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى، دېگەندە، «مانا بۇ ئەبۇ ھەمزە ئەسسەككەرى جامائەتتۇر» دېگەن.[4] شەھرىستانى: «جامائەت ـ بىرخىل يول ئۈستىدە ئىتتىپاقلاشقان كىشىلەر توپلىمىدۇر» دېگەن.[5] ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «جامائەت ـ جۇغلاشقان دېگەن بولۇپ، بۆلۈنۈشنىڭ ئەكسىدۇر. بۇ سۆز بىر يەرگە توپلانغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن.

ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى قېتىم «جامائەت» سۆزى ھەزرىتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن يىلى كەڭ قوللىنىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يىلغا «سەنەتۇلجەمائە (يەنى مۇسۇلمانلار بىرلەشكەن يىل)» دېيىلدى. پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە تەۋبە: 100 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە كۆرە سەھىھ ھەدىس، دېگەن.

[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

[5] شەھرىستانى، "الملل والنحل" 1 ـ توم، 47 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆچۈپ كەتكەندە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىغۇدەك ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولغۇدەك پىكىر ئوخشاشماسلىقى يوق ئىدى. ھىجرى 35-(مىلادى 656) يىلى ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كۆزقاراشلار ۋە مۇشكۇللۇكلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى مۇسۇلمانىنى ئۆلتۈرۈش ئىسلامدا چوڭ گۇناھ ۋە قىساس ئېلىنىشى لازىم ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن ئىسيانچىلار، قىساستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى، چۈنكى قۇرئاندا «كىم ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار كاپىرلاردۇر»[1] دەپ بۇيرۇغانلىقىنى، ئوسمان ھاكىمىيەتنى قۇرئاننىڭ ھۆكمى بىلەن تۇتماي مۇرتەد بولغان، مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىب، شۇڭا ئۆلتۈردۇق، دەپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى. بۇ ئىسيانچىلار كېيىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئەينى قارشىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەتبىقلاپ، سەن مۇرتەد بولدۇڭ دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسيانچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە قارشى چىققان دېگەن مەنىدە «خارىجىلەر» ۋە «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالدى. بۇ خاۋارىجلار مۇسۇلمان چوڭ گۇناھ ئىشلىسە ئىماندىن چىقىپ مۇرتەد بولىدۇ، ئۇنى قايتا ئىمانغا دەۋەت قىلىش لازىم دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى گورۇھ ۋە مەزھەپ بولدى. بۇ خاۋارىجلار: بۈيۈك گۇناھ قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، ئۇنىڭ قېنى، مېلى ۋە خوتۇنى ھالال بولىدۇ (يەنى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مال-مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ، خوتۇنىنى دىدەك قىلىش جائىز) ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر، دەيدۇ.[2] ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى مەيدانغا چىققان خاۋارىجلار بۇ ئىنتايىن تار ۋە قاتتىق ئاشقۇن ئەقىدىسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە چوڭ بالا، پالاكەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ پىرقىنىڭ قالدۇقلىرى كۈنىمىزگىچە كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە تارقىتىش، مۇسۇلمانىنى كاپىر قىلىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

كېيىنكى زاماندا ئەمەۋى دەۋرىدە خەلىپە ۋە ئۇنىڭ قولى ئاستىدىكى مەسئۇللار مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىپ، زۇلۇم قىلغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى

---

[1] سۈرە مائىدە: 44-ئايەت.

[2] ئىسپىرايىنى، "التبصير" 28-بەت. باغدادى، "الفرق" 73-بەت.

بايان قىلغان ئالىملارغا قارشى هۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنى مۇنداق مۇداپىئە قىلاتتى: «بىز ئاللاهنىڭ تەقدىرى بىلەن هاكىمىيەتكە چىقتۇق. بىز پەقەت ئاللاهنىڭ تەقدىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز. بۇ ئەزەلدە ئىنسانلارنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىر.» بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تەقدىر تالاش ـ تارتىشى مەيدانغا چىقتى ۋە بۇ تالاش ـ تارتىش نەتىجىسىدە قەدەرىيە ۋە جەبرىيە دەپ ئىككى مەزهەپ پەيدا بولدى. قەدەرىيەلەر: «تەقدىر دەيدىغان نەرسە يوق، ئىنسان قىلغان ئىشنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلىدۇ ۋە قىلغان ئىشىدىن ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ» دېسە، جەبرىيەلەر: «ئىنساننىڭ هېچقانداق ئىرادىسى يوق، ئۇ قىلغان ئىشلىرىنى مەجبۇرى قىلىدۇ» دەيتتى. بۇ جەبرىيە مەزهىپىنى قۇرغان ۋە ئىنساننىڭ هۆر ئىرادىسى يوقلۇقىنى، هەرقانداق ئىشنى مەجبۇرى قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىنىڭ جەهم ئىبنى سەفۋان ئىكەنلىكى مەنبەلەردە كەلگەن. جەهم ئىبنى سەفۋان هىجرى 128 ـ يىلى(مىلادى 754 ـ يىلى) ئۆلتۈرۈلگەن.[1]

ئىمام هەسەن بەسرىنىڭ تالىبلىرىدىن ۋاسىل ئىبنى ئاتا، قەدەرىيەلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇستازىدىن ئايرىلدى. بۇنى كۆرگەن هەسەن بەسرى: «اعتزلنا واصل» يەنى (ۋاسىل بىزدىن ئايرىلدى) دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاسىل ئىبنى ئاتانىڭ ئەقىدىسى مۇتەزىلە مەزهىپى دەپ ئاتالدى. ئۇ قەدەرىيەدىن «قەدەر يوق، ئىنسان پۈتكۈل ئىشىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلىدۇ» دېگەن قاراشىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا باشقا پىكىرلەرنى قوشۇپ بىر مەزهەپ پەيدا قىلدى.

جەبرىيە ۋە قەدەرىيە مەزهەپلىرىگە زامانداش بولۇپ مۇرجىئە مەزهىپى پەيدا بولدى. بۇ مەزهەپ ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى هېچقانداق نەرسىدىن مەسئۇل ئەمەس. كەلىمە شاهادەتنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ پەرز، ۋاجىب ئىشلارنى قىلمىسىمۇ مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىش هەققى بار. ئۇلار: «كاپىرغا تائەت ـ ئىبادەت قىلغىنىنىڭ پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىنگىمۇ گۇناه ـ مەسىيەتلەرنىڭ زىيىنى يوق» دەيدۇ[2]. چوڭ گۇناه ئىشلىگەنلەرگە بۇ دۇنيادا هۆكۈم چىقارماستىن ئۇنى ئاخىرەتكە قويىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار «مۇرجىئە (كېچىكتۈرگۈچى)» دەپ ئاتالغان.

هەزرىتى مۇئاۋىيە ۋە هەزرىتى ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمالار ئارىسىدىكى خەلىپىلىك مەسىلىسى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، هەر ئىككى تەرەپنىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا سىياسىي سۈركىلىشلەر پەيدا بولدى.ئەمەۋى هۆكۈمدارلىرى هەزرىتى

[1]تارىخى تەبەرى: 6 ـ توم، 6 ـ بەت.

[2]ئىسپىرايىنى، "التبصير" 60 ـ بەت.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۇلارغا راۋا كۆرگەن زۇلۇملىرىغا قارشى ئالى بەيتنى (پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىنى) قوغدايمىز دېگەن باھانە بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىغا چىقتى.

يەنە بىر تەرەپتىن يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە مەجۇسىلاردىن يالغاندىن مۇسۇلمان بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ كونا دىن ۋە مەدەنىيەتلىرىدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا تارقىتىپ، ئۇنىڭغا ئىسلامىي جاۋاپ تەلەپ قىلىشلىرى نەتىجىسىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار، ئوخشىمىغان پىكىرلەر، ھەربىر پىكىر ۋە كۆزقاراش تەرەپتارلىرىنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىقلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئايىغى چىقمايدىغان تالاش-تارتىشلارنىڭ ۋە بۆلۈنۈشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسى مانا مۇشۇنداق قازان قاينىغاندەك قايناپتتى. مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار مۇسۇلمانلارنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. چۈنكى ھەر مەزھەپ ئۆز قاراشلىرىغا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرەتتى.

يۇقىرىقىلارنىڭ سىرتىدا ساھابە كىراملاردىن تارتىپ جەمئىيەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە باشقا پىتنىلەرگە ئارىلاشماي كەلگەن بىر جامائەت بار ئىدى. بۇلار ساھابىلارنىڭ پىتنە چىقىشتىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، پىتنە چىقىپ مۇسۇلمانلار پىرقىلارغا بۆلۈنۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ساھابىلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزىگە يول تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار ئۆزلىرىنى باشقا يېڭى چىققان پىرقىلاردىن ئايرىش ئۈچۈن بەزىدە «ئەھلى سۈننەت»، بەزىدە «ئەھلى ھەق»، بەزىدە «ئەھلى ھەدىس» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ جامائەت ئەسلىدە يېڭى پەيدا بولغان بىر پىرقە ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ساھابە كىرامنىڭ دەسلەپكى يولىنى تۇتۇپ كەلگەن جامائەت ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا (ھىجرى 110-يىللىرى) مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈن «ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت» ئىسمى قوبۇل قىلىنىپ كەڭ قوللىنىشقا باشلىدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان «ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت ۋەلئەسەر» دېگەن ئىسمنى قوللانغان[1]. «ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت» ئىسمىنى ئەبۇللەيس ئەل سەمەرقەندى «شەرھى فىقھۇل ئەكبەر» ناملىق كىتابىدا ئىشلەتكەن.

ئىبنى ھەزم مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەزھەپلەرنى: ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت، مۇتەزىلە، مۇرجىئە، شىئە ۋە خاۋارىجلار دەپ بەشكە بۆلۈپ،

[1] ئىبنى ئەبى يەئلا. ″تەبەقاتۇل ھەنابىلە″ 1952-يىلى قاھىرە باسمىسى، 1-توم، 31-بەت.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت مەزھىپىنىڭ ھەق يول بولغانلىقىنى، قالغان مەزھەپلەرنىڭ ئازغۇن مەزھەپلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنى «ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سەرخىللىرىغانلار، ئەھلى ھەدىس ۋە ئۇلارغا ئەگىشىدىغانلار» دەپ تەرىپلەيدۇ.①

ئىسلام دۇنياسىدىكى داۋالغۇشلار، ھەرخىل مەزھەپلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەقىدە قاراشلىرى، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالماي گاڭگىراپ قالغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەھۋالى ئەقىدە مەسىلىلىرىنى سىستېمىلاشقان بىر قىلىپ ۋە ئۆلچەم ئىچىدە بايان قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە ھېس قىلدۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ يارىلىرىغا مەرھەم بولۇش ئۈچۈن ئىمام ئەزەم «فىقھۇل ئەكبەر» كىتابىنى يېزىپ، ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ ئەقىدە ئۆلچىمىنى سىزىپ چىقتى. ئىمام ئەزەم بۇ كىتابىدا خاۋارىجلارنىڭ چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش لازىم، ئۇنىمىسا ئۆلتۈرۈش لازىم، دەيدىغان چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن قاتتىقلىق ئەقىدىسىنى رەت قىلىپ، «مۇسۇلمان ئادەم چوڭ گۇناھ قىلىش بىلەن كاپىر بولمايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى بېكىتسە، جەبرىيەلەرنىڭ «كۇفرى بىلەن ئەمەلنىڭ پايدىسى بولمىغاندەك، ئىمان بىلەن گۇناھنىڭ زىيىنى بولمايدۇ» دېگەن، گۇناھ ـ مەسىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن ئەقىدىنى رەت قىلىپ، «گۇناھ قىلغان كىشى قىلمىشىدىن مەسئۇل بولۇپ، جازالىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر مۆئمىن گۇناھىدىن تەۋبە قىلماي ئۆلسە، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا گۇناھىغا تېگىشلىك جازالايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى بېكىتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ئىمان مەسىلىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا، قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايىنىپ ساغلام پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر دائىرىسىدە بايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ تۇنجى ئالىملىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەزەمدىن باشقا ئالىملار ھەتتا ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى يۇقىرىدىكى باتىل مەزھەپلەرگە قارشى بەزى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەقىدە مەسىلىلىرىنى بىر پۈتۈن ھالدا سىستېمىلىق ۋە تولۇق ماڭىدىغان بىر ئۆلچەم شەكلىدە بايان قىلمىغان. ئىمام ئەزەمدىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىمان ئاساسلىرىنى شەرھلەپ كەلمەكتە.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئارىسىدا بەزىدە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان. لېكىن ھەممىسى

---

①ئىبنى ھەزم: "ئەل فىسال" 2 ـ توم، 113 ـ بەت.

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، كۆزقاراشلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار ئىماننىڭ ئاساسىدا ئەمەس، پەقەت شاخچە مەسىلىلەردە بولغاندۇر.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئەڭ كۆپ مۇتەزىلىلەرگە قارشى مۇجادىلە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پەقەتلا ئەقىلگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان پىكىرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلغان. مۇتەزىلە مەزھىپىدىكىلەر ئەقىلنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن مەنتىق (لوگىكا) ۋە پەلسەپە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پىكىرلىرىنى مەنتىقىي ۋە پەلسەپىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرغان ئىدى. ئۇلارغا رەددىيە بەرمەكچى بولغان ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىمۇ ئۇلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشقا زۆرۈر بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىلمى كالام» ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئەقىدە ۋە ئىمان مەسىلىلىرىنى ئەقىل ۋە مەنتىق ئارقىلىق شەرھلەپ، كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئىلمى. ئەھلى سۈننەت بىلەن مۇتەزىلە ئارىسىدىكى ئەڭ قاتتىق جەڭ قۇرئان مەخلۇقمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا باغلىق ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتى ئۈستىدە كۆپ تالاش-تارتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يېڭى چىققان ئەقىدە ئىلمى «ئىلمى كالام» دەپ ئاتالدى.

ئىلمى كالام ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنكى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئىمام ئەبۇل ھەسەن ئەشئەرى، ئىمام ماتۇرىدى، ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالى، پەخرۇددىن رازى، سەئدۇددىن تەفتازانى قاتارلىق ئالىملار ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن. مۇتەزىلە باشتا پۈتۈن باتىل ۋە بىدئەت مەزھەپلەرگە قارشى مۇجادىلە قىلغان. ئۇ مەزھەپلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بەرگەن. يۇنان پەلسەپىسىگە مەپتۇن بولۇپ، ئارىستوغا ئوخشاش پىكىر قىلىدىغان مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ خاتا ۋە باتىل قاراشلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى مېتود ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن ئەشئەرىي، ماتۇرىدىي ۋە سەلەفىي دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. سەلەفىيلەر بىلەن ئەشئەرى ۋە ماتۇرىدىلەر ئارىسىدىكى پەرق ــ سەلەفىيلەر قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئاللاھ تائالانى ئىنسانغا خاس سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن سۆزلەرنى ئۆز ئەينى قوبۇل قىلىمىز، دەيدۇ. ئەشئەرى ۋە ماتۇرىدىلەر ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشىتىشتىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانى مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاك ۋە مۇنەززەھ دەپ تونۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئىشلىتىلگەن مەخلۇققا خاس سۆزلەرنى تەۋىل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا لايىق مەنە بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ قولى دېگەن سۆزنى ئاللاھ

تائالانىڭ قۇدرىتى دەپ تەپسىر قىلغاندەك. بۇنى تەۋىل مەسلىسى دەيمىز. بۇ ئۇزۇن مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئىزاھلاشقا ئىمكان يوق.

ماتۇرىدىلەر بىلەن ئەشئەرىلەر ئارىسىدا قىسمەن مەسىلىلەردە ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئومۇمەن ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئەقىدىدە. ئىمام ماتۇرىدى ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك، ئىمام ئەشئەرى ئىراقلىق ئەرەپ.

فىقھىي مەزھەپلەرگە كەلسەك، ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھەپتە. ھەنەفىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ماتۇرىدى مەزھەپىدىدۇر. شافىئى ۋە مالىكىلەر ئاساسلىق ئەشئەرى مەزھەپىدە. ھەنبەلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەلەفىيىدۇر.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ سانلىقى سۈننىدۇر. سۈننىلىك يەنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت قۇرۇق بىر ئىسىم ياكى بىر مەزھەپ ئەمەس. سۈننىلىك بىر ياشاش تەرزى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قۇرئان ۋە ھەدىسقا ئۇيغۇن ھالدا بارلىق ئىشلاردا تەتبىقلاشتۇر. يەنى كىم ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ياشايدىكەن، قۇرئان ۋە ھەدىسقا توغرا ئەمەل قىلىدىكەن ئۇ ئەھلى سۈننەتتۇر.

ئەھلى سۈننەت يولى ئوتتۇرىدىكى يولدۇر ۋە ئوتتۇراھال يولدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يەرگە تۈز بىر سىزىق سىزدى ۋە «بۇ ئاللاھنىڭ يولى» دېدى. ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ سولىغا بىر نەچچە سىزىق سىزدى ۋە «بۇ باتىل يوللىرىدۇر» دېدى. ئاندىن: ﴿وأَنَّ هذا صراطي مستقيما فاتَّبعوه ولا تَتَّبعوا السُّبل﴾ يەنى «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇ يولدا مېڭىڭلار. نا توغرا يولدا ماڭماڭلار...»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە دىندا ئوڭ ـ سولغا قېيىپ كەتمەي چىڭ ئوتتۇرىدىكى يولدا مېڭىشنى بۇيرىدى. ئەنە شۇ ئوتتۇرىدىكى يول ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿كَذَلِكَ جعلْناكم أُمَّة وسطًا﴾ يەنى «سىلەرنى مانا مۇشۇنداق ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلدۇق» دېگەن.[3]

ئىمام تاھاۋى ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت يولىنى مۇنداق خۇلاسىلايدۇ: «بۇ ئىفرات بىلەن تەفرىتنىڭ[4] ئوتتۇرىسى، تەشبىھ[5] بىلەن تەئتىلنىڭ[6] ئوتتۇرىسى، جەبرىيەلىك بىلەن قەدەرىيەلىكنىڭ ئوتتۇرىسى،

---

[1] سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەت.
[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.
[4] ئىفرات: مەسىلىنى چېكىتىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. تەفرىت: بوشتىش ۋە سەل قاراشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. ھەر ئىككىسى توغرا يول ئەمەس. توغرا بولغىنى ئوتتۇراھال يولدۇر.
[5] ئاللاھ تائالانى سۈپەتلەشتە ئىنسانغا ئوخشىتىش. بۇ قاراشتىكىلەرگە «مۇشەببىھە» دېيىلىدۇ.
[6] تەئتىل: ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشاش سۈپەتلىمەيمىز دەپ، ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق.

ئۈممىتىنىڭ بىلەن مەغرۇرلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسى، خەۋپ بىلەن رىجانىڭ ئوتتۇرىسىدۇر. مانا بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى مۇشۇدۇر. بۆلگۈنچى كۆزقاراشلار، رەت قىلىنغان مەزھەپلەر، مۇشەببىھە، مۇتەزىلە، جەھمىيە، جەبرىيە، قەدەرىيە ۋە باشقا ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەتكە خىلاپ، ئازغۇن مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، دەلىللەرگە تايىنىدىغان قايىل قىلارلىق جاۋابلار بېرىلگەندۇر.»[1]


يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى خۇلاسىلىساق، «ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت» سۆزى ھىجرى ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوللىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىسىمغا مەنسۇپ بولغان جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ بار بولۇپ كەلگەن، سىياسىي ۋە دىنىي پىتنىلەرگە ئارىلاشمىغان، دىنى ئېتىقاد ۋە ئەمەلنى ئەسلى بويىچە ساقلاپ كەلگەن، ھەق ئۈستىدىكى جامائەتتۇر. كۈنىمىزدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق بىلىمسىزلەر سەۋەبى بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل پىكىر ئىختىلاپى مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەسلىدە ئەھلى سۈننەت پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قۇچاق ئاچقان، ھېچكىمنى چەتكە قاقمايدىغان، ئىسلامنىڭ «پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر» دېگەن شۇئارىنى تۇتقا قىلغان جامائەتتۇر.

ئاخىرىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا بىر ئاگاھلاندۇرۇشتا بولماقچى مەن. كۈنىمىزدە بەزى مۇتەئەسسىپ ئالىملار: «ماتۇرىدى ۋە ئەشئەرىلەر ئەھلى سۈننەت ئەمەس» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى ئوقۇغان ياشلار، ئەشئەرى ياكى ماتۇرىدى دېگەننى مۇسۇلمان ئەمەس، كاپىر دېگەندەك قارايدىغان، ئەشئەرى يا ماتۇرىدى بولغان قېرىنداشنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە. بۇ بۆلگۈنچىلىك بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىگە چوڭ بالادۇر. بىراۋنىڭ قارىشى سېنىڭ قارىشىڭغا ئوخشىمىسا، ئۆزەڭنىڭ قارىشنى ئۆزەك قانائەت قىلغان دەلىللەر بىلەن چۈشەندۈرسەڭ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ قارىشىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك. سەندەك كۆزقاراشتا بولمىغان مۇسۇلماننى يامان كۆرۈش، باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە زىت ئىش قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ مۇئمىنلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، پارچىلانماسلىق ۋە بۆلۈنمەسلىك لازىملىقىنىتەكىتلەپ تۇرسا، بىز كېلىپ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلساق توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئاللاھ بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ئۇ يولدا مېڭىشنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇ يولدىن يىراق تۇرۇشنى نېسىپ قىلسۇن. (ئامىن)

---

[1] شەرھى ئەقىدەدۇتتەھاۋىيە: 586 ـ 588 ـ بەتلەر.




دەۋەت خىزمىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مۇقەددەس يولى بولۇپ، ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك خىزمەتتۇر. بۇ خىزمەت روشەن دەلىل ـ پاكىتلارغا ئاساسلىنىدىغان خىزمەت بولغاچقا، يېتەرلىك ئىلىم ـ مەرىپەتلەرگە ۋە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ، عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي﴾ تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز.»①

بۇ خىزمەت بىلەن شەرەپلەنگەنلەر ياخشى كىشىلەر بولۇپ، ئەڭ چوڭ ساۋابقا نائىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ‹مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»②

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ﴿فَوَاللَّهِ لَأَنْ يَهْدِيَ بِكَ رَجُلٌ وَاحِدٌ خَيْرٌ لَكَ مِنْ حُمْرِ النَّعَمِ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز بىلەن بىر ئادەمنىڭ ھىدايەت قىلىنىشى سىز ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىن ياخشىدۇر.»③

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ﴿مَن

① سۈرە يۇسۇف 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت.

③ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دعا إلى هدى كان له من الأجر مثل أجور من تبعه لا ينقص ذلك من أجورهم شيئا، ومن دعا إلى ضلالة كان عليه من الإثم مثل آثام من تبعه لا ينقص ذلك من آثامهم شيئا﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى توغرا يولغا دەۋەت قىلىدىكەن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەجرىلىرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ، بۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەجىرلىرىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلىدىكەن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ، بۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.»[1]

دەۋەتچىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى خەلققە يەتكۈزۈشتە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقى، خەلقنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىشنى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆزلىرىنىڭ غايە-نىشانى قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[2]

دەۋەت قوپال ئۇسلۇب ۋە ۋارقىراش-جارقىراش بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكمەتلىك ئۇسلۇب ۋە گۈزەل رەۋىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.»[3]

دەۋەت خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، دەۋەتچىلەرنىڭ تەقۋالىق، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، سەۋرلىك، ئىخلاسمەنلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈشى؛ دەۋەت ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت ۋە مۇناسىپ ئورۇنلارنى تاللىشى؛ دەۋەت قىلماقچى بولغانلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرلىرىگە ۋە ئىلىم سەۋىيىلىرىگە قاراپ خىتاب قىلىشى ۋە ئۇلارنى قايسى ئۇسۇلدا دەۋەت قىلىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئىسلام-ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئەخلاقلارنىڭ ئاساسى مەنبەسى ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدىغان ئەقىدە بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىنى كونترول قىلىدىغان شەرىئەت يەنى مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈمدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 104.

[3] سۈرە نەھل، 125-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئەقىدە بىلەن، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىنى كونترول قىلىدىغان ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرى شۇ ئەقىدە ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەقىدە قەلبىگە ھەقىقىي ئورۇنلاشقاندا ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرى سىرتىدە ئەمەلىي ھاياتتا ئاشكارە بولۇشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت ئىلگىركى ئىسلام دەۋلىتىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك، بۈگۈنكى دەۋەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشكىمۇ كېپىللىك قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋلىتىنى باشلاپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەرىئەت يەنى ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئېلان قىلغۇچى ھاكىم بولغان ھالدا تونۇلۇپ، «ھاكىم ئۈچۈن ھاكىمنىڭ ھەققىنى، ئاللاھ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھەققىنى بېرىش كېرەك» دېگەن سەپسەتەگە ئورۇن قويمىغان. ئىسلام كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ، ھاكىم پەقەت ئاللاھنىڭ شەرىئەت ـ قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى، جەمئىيەت تەرتىپىنى باشقۇرغۇچى كىشىدۇر دەپ قارايدۇ.

مانا بۇ تارىخىي رېئاللىق بىلەن، ئىسلام تەبىئىتىدىكى بۇ ئوچۇق ھەقىقەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بۇ دىنىنىڭ ئاخىرى ئاۋۋىلى ئىسلاھ بولغان نەرسە بىلەن ئىسلاھ بولىدۇ. دەۋەتچىلەر ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تەتبىقلاشقا ئۆزلىكىدىن ئىنتىلىدىغان مۇسۇلمان شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈشتە تىرىشچانلىق كۆرستىشى، دەۋەت پروگراممىلىرىنى دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا تۈزىتىپ، يېڭىلاپ تۇرۇشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك دەۋىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئىنسانىيەت روھىنى تۈرلۈك ئىلاھلارغا ۋە ھەر خىل خۇراپاتلارغا چوقۇنۇشتىن ئازات قىلغان. چۈنكى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنسانىيەت روھىنى تۈرلۈك ئىلاھلارغا ۋە ھەر خىل خۇراپاتلارغا چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىش، خۇراپات ۋەھىملىرىدىن پاكلاش، ۋە ئۇنى ئىسلام تەلەپ قىلغان يۈكسەك تەكلىپلەرگە تەييارلاش ئىنتايىن زۆرۈر.

تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇنۇش ـ بۇ ھاۋايى ھەۋەس ياكى خۇراپات ۋە ياكى باشقا چوقۇنۇشلار بولسۇن ـ بۇنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت شەنىگە لايىق بولمايدىغان ئىشلارغا بىھۇدە ئېنېرگىيە سەرپ قىلغانلىق بولىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىغا توسالغۇ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىكى دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى جانلىق تەرجىمە ۋە كۈچلۈك ھۆججەت بولمىغان دەۋەتنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

بەزىلەر بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت روھىنى تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىشقا دەۋەت قىلىشنىڭ

ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدۇ، بۇ تۈپتىن خاتا قاراشتۇر. بۇ نۇقتىدا ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ۋەزىيەت ئوتتۇرىسىدا پەقەت تاشقى جەھەتتىنلا پەرق بار. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندىكى تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇنۇش جاھىلىيەت دەۋرىدىكى تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، پەرق بار دېيىلگەن تەقدىردە، ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتا ئەمەس، پەقەت ئىلاھلارنىڭ تۈرلىرىدە بەزى پەرقلەر بار، خالاس. ھەۋەس ۋە خۇراپاتلارغا چوقۇنۇش ئىشلىرى بولسا ئۆز پېتى داۋاملاشماقتا.

دەۋەت يولىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك زۆرۈر ئىشلارنىڭ يەنە بىرى مۇسۇلمان شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈشتە پەقەت ئەقىدە، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەت تەرەپتىنلا باشلىماستىن، بەلكى بۇنىڭغا ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى قوشۇۋېلىش لازىم.

بۇ، بۈگۈنكى دەۋەت تەبىئىتى تەقەززا قىلىۋاتقان ۋە يېڭى دەۋر ۋەزىيەتلىرى تەلەپ قىلىۋاتقان بىردىن بىر تۈزۈتۈش لايىھىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك دەۋىتىنى باشلىغان ۋاقىتلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇراقلىق ھاكىمىيەت ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭىدەك پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق يوقالغان بولۇپ، نەتىجىدە ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرى تەدرىجىي شۇ ۋاقىتتىكى يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەر بىلەن رىقابەتلىشىپ، ئاخىرى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ بۇ غەلىبىسى بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى پىكرىي كۈچ بىلەن قولغا كەلگەن بولۇپ، بۇ غەلىبە مىسلىسىز بۆسۈش خاراكتېرلىك غەلىبە بولغان. بۇ قانۇن-تۈزۈملەر بۈگۈنگىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قانۇن-تۈزۈم لايىھىلىرىنى بېسىپ چۈشمەكتە. مانا بۇنى ھازىرقى دەۋر ئەقلىگە مۇناسىپ شەكىلدە خەلق ئاممىسىغا ئىسپاتلاپ بېرىش دەۋەتچىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەجبۇرىيىتىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەۋەتچىلەر خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا چوقۇم شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشى لازىم. توغرا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا بۇ قانۇن-تۈزۈملەرگە تولۇق ئىشىنىپ، ئۇنى ھەقىقىي تەتبىقلايدىغان مۇسۇلمان شەخسلەرنى يېتىلدۈرمەي تۇرۇپ قۇرۇق نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. مۇسۇلمان شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈش ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرىنى ھازىرقى رېئاللىق ھاياتتا ھەقىقىي تەتبىقلاپ، خەلققە ئەمەلىي ئۈلگە بولالايدىغانلارغا مۇھتاجدۇر. چۈنكى ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن-تۈزۈملىرىنى ھازىرقى رېئاللىق

هاياتتا ئەمەلىي تەتبىقلىماي تۇرۇپ، خەلقنى بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ باشقا يەرلىك قانۇن ـ تۈزۈملەردىن ياخشى ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە قانائەتلەندۇرگىلى بولمايدۇ.

خەلق ئاممىسى رېئاللىق هاياتتا باشقا ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ هۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەر ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ تولۇق تەتبىقلىنىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋىجدانى هايات رېئاللىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. هەر هالدا بۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى. چۈنكى بۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا مۇهىم رول ئوينايدۇ.

دەۋەتچىلەر شەخسلەرنى ئىسلامچە ئاڭ بىلەن تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس ئورۇنلارنى هازىرلاش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت هاياتىدا تەتبىقلىنىشى زۆرۈر بولغان، خەلقنىڭ دىنىي ۋىجدانى قوبۇل قىلىدىغان ئىسلام هاياتىنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى خەلققە هەقىقى تونۇتۇش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنىڭدەك، ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ هەممە ئىشلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى خەلق ئاممىسىغا ئۇچۇق چۈشەندۈرۈشى لازىم.

بۇ هەرگىزمۇ ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىهە ئەمەس. چۈنكى خەلق ئاممىسى ياكى كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلامنىڭ بۇ گۈزەل ئوبرازىدىن قانائەت هاسىل قىلسا ۋە ئىسلامچە هاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى هەقىقى تونۇپ يەتسە، ئۇلارنىڭ ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ئىسلامدا هازىرقى يەرلىك قانۇن ـ تۈزۈملەردىن كۆپ ئىلغار قانۇن ـ تۈزۈملەر بولغانىكەن، دەۋەتچىلەر چوقۇم خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋاقتىدا، بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئۆزلىرى هاياتىدا هەقىقى تەتبىقلىغان هالدا ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشى لازىم.

هازىر بەزى ياشلارنىڭ ئاللاهنىڭ بار ۋە بىرلىكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاه نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكى، مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ هەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان هەق دىن ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئېنىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن بۇ مەسىلىلەردە شەكلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى شەكلىنىۋاتقانلىقلىرىنى ئۇچۇق ئىپادىلىمىسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەرگە سەل قاراپ ئەمەل قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى دەۋەت قىلغاندا «قۇرئان كەرىم» ۋە هەدىس شەرىپ ئىلمىي مۆجىزىلىرى ئۈستىدە كۆپرەك توختىلىش ئىنتايىن مۇهىمدۇر. چۈنكى بىز هازىر هەممە كىشى ئىلىم ـ پەنگە باش ئېگىۋاتقان، شۇ ئىلىم ـ پەن بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە هەدىس شەرىپ مۆجىزىلىرى بايقىلىپ، نۇرغۇن هەقىقەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز.




ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى قۇرئان، ھەدىس، ئىجما، قىياستىن ئىبارەت تۆت بولۇپ، بۇ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسلىق دەستۇرغا تايىنىپ نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەلدى، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىشلار ۋە مەسىلىلەرنى جاۋابلاندۇرۇپ كەلدى. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھالال- ھاراملىق ھۆكمىمۇ بۇ تۆت ئاساسلىق دەستۇرغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىنىپ كەلدى.

ئەپسۇسكى، يېقىنقى زامانلاردىن بېرى چىققان بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئاننىلا ئاساس قىلىپ سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەرغىباتىنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر پىرقە كىشىلىرى مەزھەپكە ئەگىشىشنى ئەخمەقلىق ساناپ، مەزھەپ پىشقەدەملىرىگە تىل ئۇزارتىپ كەلمەكتە. ئالدىنقىسىنىڭ خەتىرى كېيىنكىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى مەزھەپكە ئەگىشىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئاۋام خەلقنىڭ مەلۇم بىر مەزھەپ سىستېمىسى بويىچە ماڭغىنى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى. ئەمما قۇرئاننىلا تۇتساق، سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەرنىڭ تۇتقان يولى خاتا، سۆزلىگەنلىرى جاھالەت، مەقسىتى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتۇر. «بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا يۈلىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنى يىقىتىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر

باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆزلەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز ھەق سۆزدۇر. ھەر قانداق مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر، ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر!

قۇرئانچىلارنىڭ فىقھىي مەزھەپلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ كەمسىتىشنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىل پىلانىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ شەرھلىرىدىن يالىڭاچلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزى خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇلار تۇرماستىن مەزھەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ھەدىستىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

«بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ»، «ھەدىسلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» ۋە «ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ئويدۇرما دىنلاردۇر» دەپ تەشۋىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ھېس قىلماستىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى ئاۋانگارتلاردۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى بىرەردىن پلان. بۇلارنى پىلانلىغانلار مۇسۇلمانلار ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەت ھەر ئىككىسىنى بەرگەن. نېمە ئۈچۈن؟ سۈننەت «قۇرئان كەرىم»نى ئۇچۇقلىسۇن، چۈشەندۈرسۇن، شەرھلىسۇن ئۈچۈن! ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَةِ﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەتتىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار»①.

ئىمام شافىئىي، ئىبنى كەسىر، قەتادە قاتارلىق ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئايەتتىكى «ھېكمەت» سۆزىدىن سۈننەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلىدىغان نەرسىلەر «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن②.

«قۇرئان كەرىم»نى سۈننەتتىن ئايرىيمىز دېگۈچىلەر قۇشنى قانىتىدىن

① ئەھزاب سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

② جامع بيان العلم وفضله 17-بەت، الرسالة 78 ـ بەت.

ياكى بىلقنى سۇدىن ئايرىپ ھالاك قىلماقچى بولغانلارغا ئوخشايدۇ. چۈنكى قۇرئاننى سۈننەتسىز توغرا رەۋىشتە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا شەئەلەر قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى سۈننەتنىڭ ياردىمىسىز چۈشىنىپ كېتەلەيمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئىش كۆرگەنلىكتىن نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەردە خاتالاشقان. بۇنىڭ ئاددىي بىر مىسالى، ئەگەر ئۇلار سۈننەتكىمۇ مۇراجىئەت قىلغان بولسا، ھەرگىزمۇ تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا يالاڭ پۇتنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلمىغان بولاتتى. ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى «قۇرئان كەرىم» ئايىتىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا پۇتلىرىنى يۇغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنى پەرز دەپ قارايدۇ. چۈنكى شەئەلەر قۇرئاننىڭ تاھارەت ھەققىدە كەلگەن ئايىتىنى تەۋىل قىلىشتا خاتالاشقان. ئەگەر ئۇلار ھەدىسكە ئەگەشكەن بولسا مۇنداق قىلمىغان بولاتتى.

قۇرئانىلا تۇتۇپ سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسنى قوبۇل قىلمايمىز دېگۈچىلەر قېنى ئېيتىپ باقسۇن! ئاق چېكىملىك ھالالمۇ ياكى ھارامۇ؟ ئەگەر ئۇ ھارام بولسا، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭ ھاراملىقىنى سۆزلىگەن ئايەت بارمۇ؟ جاۋاب: يوق! ئۇنداقتا ئاق چېكىملىك ھالالمۇ؟ بۇنى ئىسلام ئۇممىتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىن ئەھلى ۋە بارلىق ئىنسانىيەت شەكسىز ھارام دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ھاراملىقىغا ئېنىق ئايەت كەلگەن ھاراقنىڭمۇ چوڭلىقىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاق چېكىملىكنى قايسى دەلىلغا ئاساسەن ھارام دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلالىدى؟ شەكسىزكى قىياس دەلىلىغا ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلدى. ئەگەر ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاق چېكىملىكنىڭ ھاراملىقى توغرۇلۇق بىزنىڭ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم»دە ئايەت يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھارام دېيەلمەيمىز، دېگەن بولسا ئەھۋال نېمە بولماقچىدى؟ شۈبھىسىزكى، دىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەتنى بارچە ھالاكەتلەردىن ساقلاش ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىك مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، «بىز قۇرئانىلا تۇتۇپ سۈننەتتىن بىھاجەت بولالايمىز» دېگۈچىلەرمۇ كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار قايسى دەلىلغا ئاساسلىنىپ نامازنى بەش ۋاخ ئوقۇيدۇ؟ بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى نەدىن بىلدى؟ بامداتنى مانچە رەكئەت، پېشىننى مانچە رەكئەت ئوقۇڭلار، دەپ يوققۇ! بۇنى نەدىن بىلدۇق؟ تەبىئىيكى، سۈننەتتىن بىلدۇق. ناۋادا سۈننەت بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ئاللاھ تائالانىڭ قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ۋە ئۇنى قانداق شەكىلدە ئادا قىلىش لازىملىقىنى نەدىن بىلگەن بولاتتۇق؟!

«قۇرئان كەرىم»دە زاكات پەرز

قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ قاچان ئادا قىلىنىدۇ؟ زاكات كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ دېگەنلەر بايان قىلىنغان ئەمەس، بۇلارنى سۈننەت بايان قىلغان. سۈننەتكە ئەمەل قىلمايمىز دېگۈچىلەر «نەق پۇل ۋە ئالتۇن، كۈمۈشتىن يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت زاكات بېرىلىدۇ» دېگەن قائىدىنى نەدىن ئۆگەندى؟

بۇنىڭدىن باشقا شەرىئەتنىڭ ھالال ـ ھارامغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىدىن «ئىمىلداشلار بىر ـ بىرى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ» دېگەن پىرىنسىپنى نەدىن ئۆگەندى؟ تەبىئىكى سۈننەتتىن ئۆگەندى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق»[1] دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى» نېمە بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى؟ تەبىئىكى، ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن چۈشەندۈردى.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىقنىڭ تۆت ئاساسى

### بىرىنچى: «قۇرئان كەرىم»

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اتَّبِعُوا مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاءَ﴾ يەنى «سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەنگە ئەگىشىڭلار، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئەگەم دەپ ئەگەشمەڭلار»[2].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ يەنى «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر»[3].

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئىسپاتلىغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ چۈشۈردۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەنلىرى بويىچە ھۆكۈم

[1] نەھل سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت.

قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»①.

## ئىككىنچى: سۈننەت

سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، قىلغانلىرى، كۆرسەتكەنلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلام روھىغا مۇۋاپىق ھالدا قىلغان ئىشلىرىنى تەستىقلىغانلىرى دېگەنلىكتۇر. خۇلاسىلىغاندا، سۈننەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمەلىي تەتبىقاتىدۇر. سۈننەت بىلەن ھەدىس ئىككىسى بىر مەنىدە كېلىدۇ. سۈننەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دېيدۇ: ﴿وما آتاكم الرَّسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا﴾ يەنى «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»②.

سۈننەتنىڭ ئىسلام فىقھىدىكى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ۋە بىزنىمۇ قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئەمەل- ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان ئەمەللەردۇر. ئەمما بۇ يەردە بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز بۇ فىقھىدىكى سۈننەت ئەمەس.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن يُطِعِ الرَّسولَ فقد أَطَاعَ اللَّهَ﴾ يەنى «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»③.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئومۇمىي ئەھكاملارنى ئۇچۇقلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بىلەن «‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا «ھېكمەت» نامى بىلەن سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئەمر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، بۇيرۇغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكاملىرىنى گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى بىلەن، گاھ باشقىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشى، خاتا

① مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
② ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
③ نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى بىلەن يەتكۈزگەن.

## ئۈچىنچى: ئىجما

ئىجما ـ ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان زامانداش ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر[①].

ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئىجما «قۇرئان كەرىم» ياكى سۈننەتلەردە ھۆكمى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بايان قىلىنغان مەسىلىلەرگە ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ئىجما قىلىش پەقەت ئىجتىھاد (بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى چىقىرىش) سالاھىيىتىگە توشقان ئۆلىمالارغىلا خاستۇر.

ئىجما ئىككى تۈرلۈك بولۇپ:

بىرىنچىسى: ئۆلىمالاردىن ھەربىرىنىڭ ئۆز رەيىنى ئاشكارا سۆزلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما، بۇ «ئىجما سەرىھ» (ئاشكارا ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئالىملار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن، سۈكۈت قىلسا، بۇ «ئىجما سۈكۈتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ[②].

ئىجما تۇنجى ئىسلام خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدىن باشلاپلا جارىي بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ئۆزى قارار چىقىرىپ مەسىلىنى ھەل قىلاتتى. ئىجما قىلىشقا ھاجەت يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە بۇرۇن بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىغاندا، ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەرنى ئىجما قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئىسلام دىنىنى يوق قىلماقچى بولغانلار زاكات بېرىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن بۇ نىجىس پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھوشيارلىقى ئارقىسىدا ساھابىلەر زاكاتنى رەت قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ئىجما قىلغانلىقى ۋە غەلىبە قىلغانلىقى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىجما يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، يەنە ئۈچىنچى خەلىپە ئوسماننىڭ ئىجما يولى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇپ، ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتكەنلىكى، جۈمە نامىزىغا ئىككى قېتىم ئەزان ئوقۇش مەسىلىسىنىڭ ئىجما يولى بىلەن يولغا

---

① روضة الناظر 2 ـ توم 439 ـ بەت، إرشاد الفحول 63 ـ بەت، الإحكام للآمدي 1 ـ توم 196 ـ بەت.

② روضة الناظر 2 ـ توم 492 ـ 496 ـ بەتلەر، إرشاد الفحول 74 ـ 75 ـ بەت، الإحكام للآمدي 1 ـ توم 252 ـ بەت.

قويۇلغانلىقى، زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغۇچىلار قاتارىدىن «كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار»نىڭ چىقىرىپ تاشلانغانلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساھابىلەرنىڭ ئىجما قىلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ۋە بۇ دىنىنىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم»گە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان ئۈلگىلىك زاتلار ئىدى. تا قىيامەتكىچە ھېچقانداق بىر ئالىمنىڭ ياكى تەقۋادار كىشىنىڭ ساھابىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇلار شۇنداق تەڭداشسىز پارلاق يۇلتۇزلار ئىدى.

ئەمدى، شۇ ئۈلگىلىك ساھابىلەر ئەمەل قىلىشنى باشلىغان ۋە تا ھازىرغىچە ئەسىرلەر بويى ئىسلام ئۈممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىجمانى رەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئۇلار ساھابىلەردىنمۇ ئالىم ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۈلۈغمۇ؟ ئۇلار ساھابىلەرگە ئەگەشمەي كىملەرگە ئەگىشىدىكىنە؟ ھالبۇكى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۆئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگۈچىلەرنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ومن يشاقق الرَّسول من بعد ما تبيَّن له الْهدى ويتَّبع غير سبيل الْمؤمنين نولّه ما تولّى ونصله جهنَّم وساءت مصيرا﴾ يەنى: «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»[1].

## تۆتىنچى: قىياس

قىياس - «قۇرئان كەرىم» ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: ھاراقنىڭ ھاراملىقى ۋە قەتئىي مەنئى قىلىنغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاق چېكىشنىڭ ھاراملىقى ۋە مەنئى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» ياكى سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم يوق. چۈنكى بۇ نەرسىلەر «قۇرئان كەرىم» چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامانلاردا يوق ئىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاقتىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى قاتارلىق زىيانلارنى ھاراقنىڭ زىيىنىغا قىياس قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. چۈنكى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇ زەھەرلەردە ئارتۇقى بىلەن تېپىلىدۇ.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. قىياسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىكەنلىكىگە «قۇرئان

---

[1] نىسا سۈرىسى 115 ـ ئايەت.

كەرىــــم»، ســـۈننەت ۋە ســـاھابىلەرنىڭ سۆزلىرى دالالەت قىلماقتا.

1. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿كَما بَدَأْنا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُه﴾ يەنــــــــى «مەخلۇقـــاتلارنى دەســـلەپتە قانــــداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئـــايەتتە، قىيـــامەت كۈنـــــدە مەخلۇقـــاتنى تىرىلدۈرۈشـــنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلـــۈپ كەتكەن ئانىسى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سوراپ كەلگەن بىـــر ئايالغـــا: «قاراڭچۇ! ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ئۈســـتىدە بىراۋنىڭ قەرزى قالغان بولســـا، ئـــۇنى تۆلەيتتىڭىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئايـــال: ھەئە، ئەلۋەتتە تۆلىگەن بولاتتىم، دەپ جـــــاۋاب بەرگەنـــــدە، پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئۇنداقتا ئانىڭىز ئۈچۈن روزا تۇتسىڭىز بولـــدۇ»[2] دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، ئايالنىڭ ئۆلگەن ئانىسىنىڭ گەردىنىـــدە قالغـــــان روزىنـــــى، تۆلىيەلمەســـــتىن زىممىسىدە كەتكەن قەرزگە ئوخشـــاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.


ئىسلام ئۆلىمالىرى نىسا سۈرىسىدىكى ﴿ولو ردوه إلى الرسول وإلى أولي الأمر منهم لعلمه الذين يستنبطونه منهم﴾ يەنـــى «ئەگەر ئۇلار ئۇ (ئىش)نى پەيغەمبەرگە ياكى مۆئمىنلەر

ئىچىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلارغا مەلۇم قىلغـــان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچـــىدىكى ئـــۇنى تەھلىـــل قىلـــىدىغانلار ئەلـــۋەتتە ئۇنـــىڭ ھەقىقىتىنـــى بىلىۋالاتتى»[1] دېـــگەن ئـــايەتنى قىيـــاس ئارقىلىق ھۆكـــۈم چىقىرىشـــقا ئىشـــارەت قىلغان ئايەت دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

ئىككىنچـــى خەلـــىپە ئـــۆمەر ئىبنـــى خەتتاپ بەسرە شەھىرىنىڭ قازىسى ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىيگە يازغان مەكتۇبىدا: «قۇرئان ۋە سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەر توغرۇلۇق كىشـــىلەر ســـەندىن ھۆكـــــۈم ســـــوراپ كەلگەنــــــدە، ئـــۇ مەسىلىلەرنى سەن ھـــۆكمنى بىلىـــدىغان مەسىلىلەرگە قىيـــاس قىلغـــن، ئانـــدىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان، ھەقىقەتكە ئەڭ ئۇيغۇن رەۋىشتە ھۆكۈم چىقارغىن» دېگەن[3].

مانا بۇ خەلـــىپە ئۆمەرنىـــڭ ئىســـلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساســـلىق مەنبەسى بولغان قىياس ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئىدى.

ئاللاھ تائالادىن بىزلەرگە ھەقىقەتنـــى كۆرۈۋالالايدىغان قەلب ئاتا قىلىشـــنى، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىـــدىغان، ئىســـلام دەســـتۇرلىرىنى قوغدايـــدىغان غەيرەت ئاتا قىلىشنى سورايمىز.



[1] ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] أخبار القضاة 1 ـ توم 70 ـ بەت، أصول التشريع الإسلامي 17 ـ 79 ـ بەتلەر، مقدمة في الفقه 17 ـ 38 ـ بەتلەر.




ئىسلامىي جىهاد غەرب چېركاۋلىرىنىڭ مىسسىئونېرلىرى ئىسلامغا، ئىسلام ئۈممىتىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋە ئېتىقادتا ئوخشاش بولمىغانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان دۈشمەنلىكىدە تونۇتقاندەك مۇقەددەس دىنىي ئۇرۇش ئەمەس. ئىسلام دىنىدا ئىمان قەلب بىلەن تەستىقلاش ئارقىلىق جەزملىك دەرىجىسىگە يېتىدۇ. چۈنكى ئىمان مۇئمىن بىلەن ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، پەقەت چۈشىنىش، بىلىش، قانائەت قىلىش ياكى قايىل بولۇش ۋە قايىل قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا ياكى ھېچقانداق زاماندا ئۇرۇش ۋە قاتتىق قوللۇق قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق شەكىلدە زورلاشقىمۇ بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر ئاساسىي پرىنسىپنى بېكىتكەن: ﴿دىنىدا زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.[1] بۇ ئايەتتە پەقەت دىنىدا زورلاش يوقلىقلا بايان قىلىنماستىن، بەلكى زورلاش ئارقىلىق دىنغا كىرىش ياكى ئېتىقاد قىلىشنىڭمۇ يوقلۇقىدىن ئىبارەت ھېكمەتلىك قائىدە تۈزۈمنى بېكىتكەن. زورلاش مۇناپىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇناپىقلىق ئاشكارا شېرىك ۋە ئۇچۇق كۇفرىلىقتىنمۇ خەتەرلىكتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ئىمان ھېچقانداق مېۋە

[1] سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەت.

بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە خىلاپلىق قىلغۇچى ياكى قارشى چىققۇچىلارغا ﴿سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن﴾.[1] ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن﴾[2] ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە دىنىي مۇكەممەل يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر﴾.[3] ﴿بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن﴾[4]، ﴿ئەگەر ئاللاھ (ئۇلارنىڭ هىدايەت تېپىشىنى) خالىسا، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا هامىيمۇ ئەمەسسەن﴾.[5]

ئىسلامي جىهاد بىلەن دىنى ئۇرۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئىسلامنى خاتا چۈشەنگەنلىك ياكى ئىسلامنى ناتوغرا بايان قىلىش تەسىرلىرىدىن بىرى بولسا، «قۇرئان كەرىم» زىكىر قىلغان، ئىسلام تارىخىدا ۋە پەيغەمبەر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلگەن ئىسلامى جىهادنى هەربى ئۇرۇشقىلا باغلاشتىن ئىبارەت يەنە بىر خاتالىق مەۋجۇت.

بۇنى خاتا دېيىشىمىزدىكى سەۋەب بولسا، ئىسلام يولغا قويغان ۋە پەرز قىلغان ئىسلامي جىهاد ئۇرۇشنىمۇ كەڭ مەنىدە بولۇپ، هەممە ئۇرۇش جىهاد هېسابلىنىدۇ، لېكىن هەممە جىهاد ئۇرۇش هېسابلانمايدۇ. ئۇرۇش جىهادنىڭ كۈچ ئىشلىتىدىغان قىسمى بولۇپ جىهادنىڭ هەممىسى ئەمەس.

ئەرەب تىلىدا جىهاد دېگەن گەپ ـ سۆز ياكى ئىش هەرىكەتنى پۈتۈن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قىلىش دېگەن بولۇپ، يالغۇز ئىش هەرىكەت، ياكى كۈچ قوللىنىدىغان هەرىكەت (ئۇرۇش، جەڭ)كىلا خاس ئەمەس. ئىستىلاھتا جىهاد دېمەك، پەقەت ئۇرۇش، مۇداپىئە ۋە كۈرەش مەيدانلىرىدىلا ئەمەس بەلكى هاياتنىڭ پۈتۈن (كۈرەش ۋە رىقابەت) مەيدانلىرىدا كۈچ چىقىرىش دېگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە جىهاد كەلىمىسى كۆپىنچە يەردە ئىسلامنى قوغداش ۋە ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش مەقسىتىدە كەلگەن[6]. ئىسلام دەۋىتى ئۇرۇش، زورلاش ۋە دىنى ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى هېكمەتلىك ئۇسلۇبتا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، ياخشى ۋەز - نەسىھەت قىلىش ۋە مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار بىلەنمۇ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇملىدىن، ئەڭ چوڭ، ئەڭ

[1] سۈرە كاپىرۇن 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەهف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە قاف 45 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەنئام 107 ـ ئايەت.

[6] قۇرئان كەرىم سۆزلۈكلىرى، دوكتۇر مۇھەممەد ئەمارە 170 ـ قاهىرە باسمىسى.

زور ئىسلامى جىھاد مەيدانلىرى پىكىر ۋە ئىلمىي (ياكى مەدەنىي) دىئالوگ دۇنياسىدۇر.

كۆپلىگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئاتالغۇسى قامۇسلىرىدا ھەق دىنغا چاقىرىشمۇ جىھاد دەپ كەلگەن.

ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە تەلىم-تەربىيە مەيدانلىرىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈش جىھاد ھىساپلىنىدۇ.

ئىلاھى تەرەپتىن ئورۇنباسار قىلىپ بېكىتىلگەن زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈشمۇ جىھادنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىق بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاسراشمۇ جىھادتۇر.

ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ-تۇغقان ۋە يېقىنلىرىغا خەيرى ئېھسان قىلىش جىھادتۇر.

ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى قورقۇش، ئاللاھنى ھەر دائىم ئەسلەش، ئىخلاس ۋە تەقۋادارلىق قىلىش ئىسلام پەرز قىلغان جىھادنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

ئەسپىھانى رەھمەھۇللاھ جىھادنىڭ پەقەت ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇرۇش قىلىشقىلا خاس ئەمەس، ھاياتنىڭ پۈتۈن مەيدانلىرىغا ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن جىھادنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلگەن:

1-دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش.

2-شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش.

3-نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش.

يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك جىھاد، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە بايان قىلغان جىھادنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ــ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار﴾①، ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار﴾②، ﴿ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ــ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـــ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـــ بىرىگە ئىگىدۇر﴾.③ (ھاۋايى ھەۋەسلىرىڭلارغا قارشى دۈشمىنىڭلارغا قارشى جىھاد قىلغاندەك جىھاد قىلىڭلار، كۇففارلارغا قارشى قوللىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار.④

شېئىر ھەققىدىكى ﴿ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) نىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر. شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى

① سۈرە ھەج 78-ئايەت.

② سۈرە تەۋبە 41-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئەنفال 72-ئايەت.

④ الراغب الأصفهاني: «المفردات في غريب القرآن»، طبعة القاهرة سنة 1991م.

كۆرمەمسەن؟ ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلەرنى قىلىدۇق دەپ سۆزلەيدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا شائىر ساھابە كەئب بىن مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ شېئىر ھەققىدە ئايەت چۈشۈردى، بۇ ھەقتە نېمە دەيلا دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىن قېلىچى ۋە تىلى بىلەن جىھاد قىلىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ئاتقىنىڭلار ئوقيانىڭ ئوقىغا ئوخشاشتۇر» دېدى.[1]

## راست سۆز

راست سۆز جىھادتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە جىھاد «كاتتا» دەپ سۈپەتلەنگەن بىردىنبىر ئورۇن قۇرئان بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە كەلگەن ئايەتتۇر. يەنى قۇرئاننى چۈشىنىش، ئاڭقىرىش، ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا دەۋەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە كەلگەن بولۇپ، تىغ ياكى قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە كەلمىگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴾[2].

قۇرئانغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى بولغان ھەدىسلەرمۇ قول ۋە تىل ئەمەللىرىدىن باشقا يەنە قەلب ئەمەللىرىنىڭمۇ جىھاد مەيدانلىرىدىن بىر مەيدان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتىدىن سۈننىتىنى تەتبىقلاپ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان مۇخلىسلىرى بولغانىدى. ئۇلاردىن كېيىن، قىلغان سۆزى بىلەن ئىشى بىر ئەمەس، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىدىغان يامان ئىز باسارلار پەيدا بولىدى. كىمكى ئۇلار بىلەن قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇلار بىلەن قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇمۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇلار بىلەن تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇمۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنچىلىكمۇ قىلالمىغان ئادەمدە زەررىچىلىك ئىمان بولمايدۇ».[3] ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئۆگىتىشنىڭمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستە

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] سۈرە فۇرقان 52 ـ ئايەت.

[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

بايان قىلىنىدۇ: «كىمكى ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش ئۈچۈن مەسجىدىمىزگە كىرىدىكەن ئاللاھ يولىدا جىھاد جىلغان كىشى بىلەن باراۋەردۇر.» ھەدىستە يەنە «تۇل ئاياللارغا ۋە مىسكىنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ»[1] دېيىلگەن.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ جىھاد مەيدانلىرىدىن بىر مەيداندۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىر كىشى جىھادقا چىقىشقا ئىزنى سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، جىھادنىڭ ساۋابىنى ئالغىن»، دېدى.[2] شۇنىڭدەك، ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسىنى شەيتاندىن ھىمايە قىلىشمۇ جىھاد مەيدانلىرىدىن بىر مەيدان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشى مۇجاھىدتۇر» دېگەن.

ئانا يۇرتنى دۈشمەندىن قوغداش ۋە مۇداپىئە قىلىش، ئىسلام دىيارلىرىنىڭ چېگرىسىنى ساقلاشمۇ جىھاد قىلغان بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرگۈچىلەردۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ كىمنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر» دەپ سورىدى؟ ساھابىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار: پېقىرلار، چېگرا قوغدىغۇچىلار ۋە يۇرت - جاھانى زىيان زەخمەتتىن ساقلىغۇچى مۇھاجىرلاردۇر»[3] دېدى.

شۇنىڭدەك ھەج قىلىشمۇ ئىسلامي جىھاد مەيدانلىرىدىن بىر مەيدان ئىكەنلىكى سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلدى. چۈنكى، ھەججە دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىدىن خالى، پۈتۈن جانلىقلار ھەتتا ھاشارەتلەر بىلەنمۇ تىنچلىق ئىچىدە ياشاش كېرەك. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەج جىھادتۇر، ئۆمرە ئىختىيارى ئىبادەتتۇر» دېگەن. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىھاد ئۇرۇشىغا چىقىشقا رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: « سىلەرنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جىھادچىلار ھەج قىلىشتۇر»[1] دېگەن. بۇ ھەدىستە ھەج ئەر ۋە ئايــالار ئۈچــۈن ئىســلامىي جىھــاد مەيدانلىرىــدىن بىــر مەيدان قىلىپ بېكىتىلدى.

ھايات مەيدانلىرىنىڭ قايسى بىرىــدە يۈتــۈن كۈچىنــىڭ يېتىشــىچە كــۈرەش قىلىش ۋە تىرىشــچانلىق كۆرسىتىشــتىن ئىبارەت ئىسلامىي جىھادنىڭ ماھىيىتى ۋە دائىرىســــــى غەرب چېركــــــاۋلىرى مىســئونېرلىرىنىڭ ئىســـلامغا، ئىســـلام ئۈممىتىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇلار بىلەن ئېتىقادتا ئورتاقلىشــاش بولمىغانلارغــا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقــان دۈشــمەنلىكى سەــۋەبىدىن بــۇرمىلاپ تونۇتقانــدەك، قوراللىق ئۇرۇش ياكى ئۇلار بىلگەندەك دىنى ئۇرۇشلا ئەمەس.

## جىھاد زۆرۈر پەرزدۇر

مانا بۇ ھەقىقەت سەۋەبىدىن جىھــاد ھەر بىر مۇســۇلمان ئەر ۋە مۇســۇلمان ئايالغا زۆرۈر پەرزدۇر. چــۈنكى جىھــاد ھەر بىــر مــۇكەللەف ئۆزىنىــڭ كــۈچى يەتــكەن ھەر قانــداق بىــر ســاھەدە ـ ئىبــــادەت، ئىجتىمــــائىي ئــــاقە ساھەلىرىدە ـ ئېلىــپ بارالايــدىغان بىــر پائالىيەتتۇر. ئەممــا ئــۇرۇش بولســا، بەلگىلەنگەن مەلــۇم شــەرتلەر ئاســتىدا قىلىنىدىغان بىرخىل جىھاد تۈرى بولۇپ، بۇ خىل جىھاد مەيــدانلىرىنى «قۇرئــان كەرىم» ئۇرۇش ئايەتلىرىدە بەلگىــلەپ بەرگەن.

يۇقىرىقى ھەقىقەتنى ـ يەنى ئىســلامى جىھادنىڭ ياۋرۇپا ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە خرىستىئانلار بىلگەن «مۇقەددەس دىنــى ئۇرۇش»لارغــا ئوخشــمايدىغانلىقىنى ـ غەرب ئالىملىرىــدىن بىلىمــى چوڭقــۇر، بىــتەرەپ ئــالىملار ئىســلامنى تەتقىــق قىلىــش جەريانىــدا تونــۇپ يەتــكەن بولۇپ، ئىسلامىي جىھادنىــڭ ھەقىقىتــى ھەققىــدە يازمــا يازغــان گېرمانىيەلىــك شەرقشۇناس دوكتۇر ســيجرىد ھــونكە مۇنداق دەيدۇ:

ئىسلامى جىھاد بىــز مۇنــداقلا دەپ قــويغىنىمىزدەك مــۇقەددەس ئــۇرۇش ئەمەس. بەلكى ئەتراپىمىزدىكى مۇھىــت ۋە يامانلىققا بۇيرىغــۇچى نەپســىمىزگە قارشــى ھەر كــۈنى داۋام قىلىۋاتقــان كۈرەشــلىرىمىزدە غەلىــبە قىلىــش ۋە ئىســلامنى قەلبىمىــزدە يەرلەشــتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش ۋە قوبــۇل قىلىنىغان ئىجتىھادتۇر. جىھاد، مۇسۇلمان ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنــىغان ۋە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ھالدا ئــۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ســالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كــۈچ ۋە يــاردەم ئالىدىغان، سۈيى كېمەيمەيــدىغان بىــر بۇلاقتــۇر. جىھــاد، ئىســلام دىيارىــدا ئىســلامنىڭ ئىجتىمــائىي تۈزۈلمىســىنى ئەمەلــگە ئاشــۇرۇش، دىنغــا قارشــى كــۈچلەردىن ھىمــايە قىلىــش ئۈچــۈن ھەردائىم سەگەك تۇرۇشتۇر.

## جىھاد ئىسلامنىڭ ئەڭ يــۇقىرى پەللىسىدۇر

---

[1] بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىسلام دىنى پەرز قىلغان ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى قىلىپ بېكىتكەن، مۇسۇلمانلار ئېلىپ بارغان ۋە تارىخ بويىچە داۋاملىشىدىغان، جىھاد ئەكبەر ھېسابلىنىدىغان ئىسلامىي جىھادنىڭ ھەقىقىتى بولسا ئاڭلىق، گۈزەل ئۇسلۇپ ۋە ھېكمەت بىلەن ئېلىپ بارغان جىھادتۇر.

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ جىھادنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يەتكەن بولۇپ، سۈرە ئال ئىمراننىڭ 142-ئايىتى بولغان «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا — مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتىپلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر شۇنداق دېيىشى مۇمكىن، جىھاد پەرز كۇپايە تۇرسا، ئايەتتە جىھاد قىلمىغان ۋە سەبىر قىلمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ دەۋاتىدۇ؟ بىز ئۇلارغا دەيمىزكى، توغرا، ھەق يولىدا جىھاد قىلمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. لېكىن قۇرئان ۋە ھەدىستە جىھاد لۇغەتتىكى ئومۇمىي مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قىيىنچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشتا مۇشەققەتكە چىداش ۋە سەلەپ ئالىملىرى چوڭ جىھاد دەپ بىلگەن، «نەپسىگە قارشى» جىھادتۇر.»

ئىنساننىڭ ھەرخىل شەھۋەتكە قارشى تۇرۇشى، مېلى بىلەن جىھاد قىلىشى، مۇئمىننىڭ باتىلغا قارشى تۇرۇپ ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشىمۇ جىھادنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

## نەپسىگە قارشى جىھاد

ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان پۈتۈن نېمەتلىرىدە ئۈستىڭدە ھەققى بار، كىشىلەرنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىش نەپسىڭگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بەزىلەر نەپسىگە قارشى جىھادنى، دۈشمەنگە قارشى جىھاد (ئۇرۇشتىن) ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشى ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇش يەنى سۈننەتنى ئېھيا قىلىش ۋە ياكى بىدئەتكە قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلسا، چوقۇم بۇ يولدا قارشى تۇرغۇچىلارغا ۋە ئەزىيەت بەرگۈچىلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشتا ناھايىتى ئازلا كىشى سەۋر قىلالايدۇ.

خۇلاسە: جىھاد ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى ئۇرۇش قىلىشتىن كەڭرىدۇر. شۇڭلاشقا ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ دېگەندەك - جەننەتكە پەقەت مۇجاھىدلارلا كىرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا چوقۇم ئۇرۇش قىلىش شەرت ئەمەس، چۈنكى ئۇرۇش ھەر زامان پەرز ئەمەس.




ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغىنىدەك، تۈرك دۇنياسىنىڭمۇ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغىنى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۈرك دۇنياسى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىشى كېرەك دېگەن ئۈمىدتە بۇ قېتىمقى نەزىرىمىزنى تۈرك دۇنياسىغا تاشلىدۇق. چۈنكى تۈرك دۇنياسىنى زامانىمىزدىكى ئەرەب دۇنياسى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، زامانىمىزدىكى ئەرەب دۇنياسىدىن دائىرىسى كەڭ ۋە نوپۇسى كۆپ بولغان تۈرك دۇنياسىنىڭ يېقىنقى تارىختىن بۇيان بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەر ۋە چوڭ دۈشمەنلەرنىڭ ھەرخىل سۇيىقەستلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار بىرنەچچە ئون پارچىغا بۆلۈنۈپ كەتكىنى ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇلارنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئەمەس بەلكى تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ ياخشى تونۇمايدىغان بىر ھالەت شەكىللەنمەكتە.

## تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئەسلى ئانا ۋەتىنى

بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، ئۇيغۇر ئېلى ۋە ھازىرمۇ رۇسىيە فېدراتسىيەسى تەۋەلىكىدىكى 10 دىن ئارتۇق تۈرك ئاپتونومىيەلىرىگە ئائىت زېمىنلەرنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ ئەسلى ئانا ۋەتىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بەزى ئەرەب تارىخ كىتابلىرىدا «ماۋارائۇننەھر» دەپ ئاتالسا يەنە كۆپلىگەن مەنبەلەردە «تۈركىستان» دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

تارىخي مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەسلى ئانا ۋەتىنى ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە سوزۇلغان پايانسىز ئوتتۇرا ئاسىيا

ياىلاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەرقتە قىدىرخان (ھىنگان) تاغلىرى شىمالدا بايقال ۋادىسى ۋە ئالتاي تاغلىرى، غەربتە ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى خەزەر (كاسپى) دېڭىزى جەنۇبتا ھىندۇقۇش، پامىر، قاراقۇرۇم، قاراڭغۇ تاغ (كۇئېنلۇن) تىزمىلىرى ۋە سېرىق دەريا (خۇۋاڭخې) بىلەن قايتىدىن قىدىرخان تاغلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر سىزىق ئىچىدىكى جايلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

گېئولوگىيە (يەر قاتلاملىرى ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيىلىك (ئاسارە ئەتىقە ئىلمى) تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە بۇنىڭدىن 12000 يىللار بۇرۇن بۇ تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ ھالى ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىق ئىدى. ئۇ چاغلاردا تەڭرى تاغلىرى (تىيانشان) پۈتۈنلەي مۇزتاغ بولۇپ، تۆت ئەتراپىقا يۇزلەرچە دەريالار ئېقىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ تاغ (كۇئېنلۇن) تىزمىلىرىدىن ئاققان ئېقىنلارمۇ تەكلىماكاننى باشتىن ئاخىر سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. ئورال ۋە بالقاش كۆللىرىدە ئىچكى دېڭىزلارمۇ كۆپ ئىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭمۇ چوڭ بىر ئىچكى دېڭىز ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. دېمەك: ئۇ زاماندا تەكلىماكان ئەتراپىدا ھېچبىر قۇملۇق چۆل يوق ئىدى. بەلكى ئۇ زېمىنلەر مۇنبەت تۇپراقلىرى خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلىرى، سانسىز ياۋايى ھايۋانلىرى ۋە ھەرخىل يەرئاستى بايلىقلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان گۈزەل بىر جەننەت ماكان ئىدى. ئاشۇ سەۋەبتىن تۈركلەر باشقا ئىنسانلاردىن ئەڭ ئاز مىڭ يىل بۇرۇن مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان ئىدى. باشقا يەرلەردىكى ئىنسانلار تېخى ئۆڭكۈرلەردە ۋە دەرەخ كامارلىرىدا ياشاۋاتقان تاش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا، تۈرك ئانا ۋەتىنىدە ئاللىقاچان مەدەن دەۋرى باشلىنىپ، مىس ۋە تۇچ دەۋرى تەرەققى قىلىپ بولغان ئىدى. 1904 ـ يىلى خەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئاشقئابات ۋە مەرۋە شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئانۇ قورغىنى رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئامېرىكىلىق ئالىم رەفائىل پومپىللى مەزكۇر رايوندىن تېپىلغان ھەرخىل مېتاللاردىن ياسالغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەك: بۇ ۋەتەنىنىڭ تارىخى دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئىنتايىن مۇھىم تارىخلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنسىغا تۇتۇشىدۇ.

تۈرك زېمىنلىرىدە قورغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىش سەۋەبى بىلەن بۇنىڭدىن 9 مىڭ يىل بۇرۇن بىرىنچى قېتىم ۋە 7 مىڭ يىل بۇرۇن يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك كۆچۈش ھەرىكىتى ئۇرۇن ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۈرك دۇنياسىدىكى ئومۇميۈزلۈك كۆچۈش

ھەرىكىتى 4 ـ ئەسىردىكى سىيانپىيلار زامانىدىكى ئومۇميۈزلۈك كۆچۈش دەۋرىگىچە داۋام قىلغان. تۈرك مىللەتلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بولغاچ كۆچۈپ بارغانلىكى يەرلەردە خانلىقلار ۋە باشقىمۇ ناملار ئاستىدا ئىدارە بىرلىكلىرىنى قۇرۇپ چىققان. مەسىلەن: ئانا ۋەتەنىنىڭ تارىم ۋادىسى بويلىرىدا 6 شەھەرنى قۇرۇپ چىققان بولسا، تۇرپان ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ ھەرخىل خانلىقلارنى قۇرغان. غەربىي تۈركىستاننىڭ سىر دەرياسى (ئىنجى دەرياسى) ئۆگۈز (ئامۇ دەرياسى) قاتارلىق دەريالار بويلىرىدىمۇ ھەرخىل ئاۋات شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ ھەرخىل خانلىقلارنى قۇرۇپ چىققان.

ئامېرىكىلىق تارىخچى پېتىر بى گولدېن ئۆزىنىڭ «دۇنيا تارىخىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق كىتابىنىڭ بېشىدا تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا» تارىخىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىم تارىخلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا تەۋە زېمىنىنىڭ دۇنيادىكى ئومۇمىي قۇرۇغلۇقنىڭ 1/7 نى (يەتتىنىڭ بىرىنى) ئىگىلەيدىغان بولۇپ، 8 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 3 مىليون 850 مىڭ كۋادرات كىلو مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يەر كۆلىمى: 1 مىليون 826 مىڭ كۋادرات كىلو مېتىر ۋە رۇسىيە فېدراتسىيەسى تەۋەلىكىدىكى تۈرك ئاپتونومىيەلىرىنىڭ يەر كۆلىمى: 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى قوشقاندا ئومۇمىي قۇرۇغلۇق زېمىن8 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق چىقىدۇ.

تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام دۇنياسىغا بولغان سەممىيىتى:

تۈرك تارىخچىسى ھۈسەيىن گۈل ئۆزىنىڭ تۈركمەن ئەسكەرلىرى ناملىق كىتابىدا تۈركلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىلا مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ۋە ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى غازاتلارغا قاتناشقانلىقىنى بايان قىلىپ، خەيبەر ئۇرۇشى جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئائىت چېدىرلارنى ئارىلاۋېتىپ تۈركلەرنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۆتكەنلىكىنى، كېيىن ساھابىلەر ئۇنىڭدىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۆزلىرى نەدە ئىدىلە؟» دەپ سورىغانلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن تۈركلەرنىڭ چېدىرىدا ئىدىم» دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. ئۇ يەنە بەزى تارىخ كىتابلىرىدا تۈرك ساھابىلەر ھەققىدە بەزى بايانلارنىڭ بارلىقىنى ئىلاۋە قىلىدۇ.

دوكتۇر راغىب سەرجانىنىڭ «ئىسلام ھېكايىلىرى» ناملىق تور بېكىتىدە

«ماۋارائۇننەھر» (ئوتتۇرا ئاسيا) رايونلىرىنىڭ قىسمەن پەتھى قىلىنىشى ۋە ئۇ رايون خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىشى ئىككىنچى ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ زامانىدا يەنى 13 ـ 23 ھجرىيە يىللىرى (مىلادىيە 635 ـ 645 يىللىرى) ئارىسىدا باشلىغانلىقنى تۆۋەندىكچە بايان قىلىدۇ. ئۇ زاماندىكى ئەڭ مۇھىم ئىسلام قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان ئەھنەف ئىبنى قەيس ئەلتەمىمى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پارس ئىمپېراتۇرى يەزدەجىردنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندا ئۇ شەرق تەرەپتىن جەيھۇن دەرياسى تەرەپكە قاچىدۇ. ئەھنەف ئىبنى قەيس ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن يەزدەجىردنى قوغلاپ جەيھۇن دەرياسى بويىدىكى ماۋارائۇننەھر (ئوتتۇرا ئاسىيا) چېگراسىغا بارغاندا تۈرك خاقانى يەزدەجىرگە ياردەم بەرگەن ئاساستا ئۇلار بىلەن بىر بولۇپ ئىسلام قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ۋە شۇ زاماندىكى خۇراسان پايتەختى بەلخ شەھرىنى ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتكە باش ئەگمىگەن ئەھنەف ئىبنى قەيس قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۈرك خاقانىنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن ئۈچ كىشىنى بىراقلا ئۆلتۈرىدۇ ۋە قولدىن كەتكەن رايونلارنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئارقىلىق تۈرك خاقانىنمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. نەتىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تۈرك خاقانى ئەھنەف ئىبنى قەيس بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. باش قوماندان ئەھنەف ئىبنى قەيس جورجان تاغلىق رايونلىرىغا قېچىپ كەتكەن تۈرك لەشكەرلىرىنى قوغلاش ئۈچۈن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس باشچىلىقىدا بىر قوشۇننى جورجانغا يوللىغان بولۇپ، ئۇلار جۇرجاننى چاقماق تېزلىكىدە پەتھى قىلىدۇ.

«ئەلئۇەفد تورى» تۈركلەر ۋە ئەرەبلەر مۇناسىۋىتى ناملىق ماقالىسىدا مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: ھجرىيىنىڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 641 ـ يىلى) ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن پارسلارغا تەۋە ساسانىيلار پادىشاھلىقى ئارىسىدا «ناھاۋەند»دېگەن جايدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش نەتىجىسىدە ساسانىيلار دۆلىتى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئابدۇرراھمان ئىبنى رەبىئە باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنى «ناھاۋەند»گە قوشنا بولغان رايونلارغا قارشى ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا مەزكۇر رايوندا مۇسۇلمان بولۇپ بولغان تۈرك پادىشاھىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. تۈرك پادىشاھى بۇراز باش قوماندان سۇراقە ئىبنى ئەمر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن سۈلھە قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بىر سەپتە ئەرمەنىلەرگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۇراقە بۇ مەسىلىنى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا

يازىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئەرمەنلەر ۋە شىمالدىكى پارسلارغا قارشى يۈرۈشكە داۋام قىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئىسلام خەلىپىسى ئوسمان ئىبنى ئاففان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) زامانىدا يەنى 23 ـ 35 ھىجرىيە يىللىرى (مىلادىيە 645 ـ 657 يىللىرى) ئارىسىدا جەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى پەتىھلەر ۋە ئۇرۇشلار چاقماق تېزلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ «ماۋارائۇننەھر»نىڭ خارەزمى رايونلىرىغىچە يېتىپ بارغان بولسىمۇ مەركەز مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسئۇللارنىڭ پىتنە ئىغۋالار ۋە ئىچكى ئىختىلاپلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئالغا ئىلگىرىلەش بىر مەزگىل توختاپ قالىدۇ.

ئۇستاز راغىب سەرجانى يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: ھىجرىيىنىڭ 54 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 676 ـ يىلى)غا كەلگەندە ئابدۇللاھ ئىبنى زىياد ئەمەۋىلەر خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان تەرىپىدىن خۇراسانغا ۋالى تەيىنلىنىدۇ. ئۇ جەيھۇن دەرياسىنى قايتىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئەتراپتىكى تۈرك دىيارلىرىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، بۇخارا شەھىرىگىچە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆزىنى بۇخارانىڭ ئىگىسى دەپ ئاتايدىغان «خاتۇن» ئىسىملىك ئايال پادىشاھنىڭ ئىنتايىن كۆپ مال دۇنيا سەرپ قىلىپ ئەتراپتىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشى نەتىجىسىدە ئۇلار بۇخارا شەھىرىگە يېقىن جايدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. خۇراسان ۋالىسى ئابدۇللاھ ئىبنى زىياد تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشقا ماھىر، قەھرىمان ۋە بەك ئىتائەتچان ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرىدىن 2000 كىشىلىك ئالاھىدە قوشۇننى باغداتقا يوللايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ بارلىق ئۇرۇشلىرىدا ئالدىنقى سەپتە تۈرك ئەسكەرلىرى ماڭىدىغان بىر ئەھۋال ئومۇملىشىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 86 ـ يىلى (مىلادىيە 708 ـ يىلى) ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى ئابدۇمەلىك زامانىغا كەلگەندە مەشھۇر ئىسلام قوماندانى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەلباھىلى خۇراسان رايونىغا ۋالى تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بۇخارا رايونى ۋە پۈتۈن ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە سەيھۇن دەرياسى بويىدىكى ۋىلايەتلەرگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىنى پەتھى قىلىدۇ. 94 ـ ھىجرىيە يىلى (716 ـ مىلادىيە) بۇخارا شەھىرىگە بىرىنچى مەسجىدنى بىنا قىلغاندىن كېيىن ئۇلۇغ سەپىرىنى داۋام قىلدۇرغان ھالدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە ۋە خىتاينىڭ

ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگىچە كىرگەنلىكى بەزى تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ يەنە بەزى تارىخچىلار قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ 96 ـ ھىجرىيە يىلى شېھىت قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر يېقىنلىرىغا بارغان بولسىمۇ قەشقەرگە بارمىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ.

خەلىپە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇمەلىك زامانىدا پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا ئەرەب تىلى رەسمى دۆلەت تىلى ۋە ئىلىم - مەرىپەت تىلىغا ئايلىنىپ بولىدۇ. تۈرك ۋە ئەرەب ئىككى مىللەت ھەر تەرەپتىن بىر ـ بىرىنىڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەرەب تىلى، تۈرك تىلى ۋە ئۇنىدىن بۇرۇن پارس تىلى قاتارلىق بۇ 3 تىل ۋە 3 مىللەت مەيلى پىكىر ـ تەپەككۇر جەھەتتىن، مەيلى تىل جەھەتتىن، مەيلى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئەڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغان مىللەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

ھىجرىيە 128 ـ يىللىرى (مىلادىيە 750 ـ يىللىرى) ئەمەۋىيلەر خەلىپىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇمەلىك زامانىدا ئاbباسىيلار ئائىلىسى تەرىپىدىن ئەمەۋىيلەرگە قارشى مەخپى ھالدىكى سىياسى ھەرىكەت باشلىنىدۇ. مەزكۇر چاقىرىقلاردا ئەمەۋىيلەرنىڭ ئەرەب مۇتەئەسسىپلىكى ئەجەملەرگە قارىتا ئىككىنچى كۆز بىلەن قاراش سىياستى قاتارلىقلار باھانە كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، خۇراسان زېمىنلىرىدىكى پارسلار ئىچىدىن ئۇلارغا ئاۋاز قوشقۇچىلار كۆپ چىقىدۇ. ھىجرىيە 132 ـ يىلى (مىلادىيە 754 ـ يىلى) خۇراساندىن يولغا چىققان 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ ئەمەۋىيلەر قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئاbباسىيلار خەلىپىلىكى زامانى باشلىنىدۇ.

ئاbباسىيلارنىڭ تەختكە چىقىشىدا پارسلار مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ھەرخىل يۇقىرى مەنسەپلەرگە پارسلار تەيىنلىنىشكە ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە تۈركلەر تەيىنلىنىشكە باشلايدۇ. ھىجرىيە 218 ـ يىلى (مىلادىيە 840 ـ يىلى) مۇئتەسىم بىللاھ ئاbباسىيلار خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن پارىسلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن شىئەلىك مەزھىپىنى تارقىتىشقا ۋە خەلىپىلىككە خىيانەت قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى باھانە كۆرسەتكەن ھالدا، بارلىق پارس مەسئۇللىرىنى مەنسەپتىن چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۈرك مەسئۇللارنى تەيىنلەشكە باشلايدۇ. تۈرك مەسئۇللاردىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك سالماقلىق، ئىخلاسمەنلىك ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ ھەرقانچە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلارمۇ يەنىلا ئىشەنچلىك بىلەن ئىش كۆرەتتى. خەلىپە مۇئتەسىم بىللاھ باغداتتىن 125 كىلو مېتىر ئۇزاقلىقتا سامۇراي شەھىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەركىزىنى سامۇرايغا

يۈتكەپ كۆپىنچە تۈرك مەسئۇللارنى ئاشۇ شەھەرگە يەرلەشتۈردى. مانا مۇشۇ يوللار ئارقىلىق تۈركلەر ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە خەلىپىلىك ئىچىگە سىڭىپ كىردى. تەتقىقاتچى ئۇيغۇر ئالىمى رەھمەتۇللا ئەھمەت رەھمەتى ئۆزىنىڭ «ختايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلۈشى» ناملىق كىتابىدا مىسىردا مۇستەقىل تۇلۇنىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان ئەھمەت ئىبنى تۇلۇننىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ ئاشۇ مەزگىلدە ئابباسىيلار تەرىپىدىن مىسىرغا ۋالىي تەيىنلەنگەنلىكىنى ۋە 868-يىلى تۇلۇنىيە دۆلىتىنى ئىبلان قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تۈرك دۇنياسىدا ئومۇملىشىشى يولىدا ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭمۇ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، جالالىدىن ئەلبەغدادىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. سامانىيلار دۆلىتى شاھزادىسى نەسىر ئىبنى مەنسۇر سامانى ئارتۇشقا يەرلەشكەن ۋە ئۇ يەردە مەسجىد بىنا قىلغان بولۇپ، 320-ھجرىيە (932-مىلادىيە) يىلى قاراخانىيلار تەخت ۋارىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئاشۇ كىشى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولىدۇ. ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئىسلام دىنىنى رەسمى دۆلەت دىنى ئېلان قىلىشى بىلەن تۈرك دۇنياسىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن سەلجۇقلار، قارلۇقلار، ئوغۇزلار ۋە سەيھۇن دەرياسى بويىدىكى پۈتۈن تۈرك ئايماقلىرى تولۇق مۇسۇلمان بولىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان 955-يىلى 69 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

دېمەك، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھەرىكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىلا باشلىنىپ، ھجرىيە 320-يىلى (مىلادىيە 932-يىلى)غا كەلگەندە تولۇقلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

تۈركىيەنىڭ دەجلە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللار فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پارۇق بوز كۆز ئۆزىنىڭ «تۈركلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەرەبلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: 10-ئەسىردىن باشلاپ تۈركلەر ئەرەب ئېلىپبەسى قوللىنىشقا باشلايدۇ. 1070-يىلى تۈرك دۇنياسىنىڭ مەشھۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرنى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن نەشر قىلدۇرۇشى ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى يېقىنلىقنى كۈچەيتكەن بولسا، 1074-يىلى تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر تىل ئەدەبىياتچىسى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يەنە ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن نەشىر قىلدۇرۇشى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا داغدۇغىلىق ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

تۆرك تارىخى ئىسلام تارىخى بىلەن ۋە ئىسلام تارىخى تۆرك تارىخى بىلەن بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئايرىلماس پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككى تارىخنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمان ئەرەب ئەسكەرلىرى «ماۋارائۇننەھر»دىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيانى پەتھى قىلىش ئارقىلىق تۆركلەرنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتە مۇسۇلمان بولۇشىغا يول ئاچقان بولسا، تۆركلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تېز يېيىلىشىغا چوڭ ھەسسە قوشىدۇ. دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرىپىدىكى باشقا سان ـ ساناقسىز ئەللەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇش بىلەن بىرگە، تارىختىن بۇيان ئىسلام دىنىنى ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرگە بارلىق ئىسلام خەلىپىلىكلىرىنى قوغداش يولىدا ئالاھىدە چوڭ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قاراخانىيلار، سامانىيلار، خاقانىلار، غەزنەۋىيلەر، تولۇنىيلار، تەيمۇرىلەر، ئىخشىدىلەر، توقلۇقلار، بابۇرلار، سەلجۇقلار، ئاتابېكلەر ۋە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى قاتارلىق تۆرك دۆلەتلىرى ۋە ئىمپېراتورلۇقلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش يولىدا، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى قوغداش يولىدا، شىئەلەرگە قارشى، موغۇل ئىستىلاسىغا قارشى ۋە ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى باشلاتقان خىرىستىيانلارغا قارشى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېلىپ بارغان زەنجىرسىمان ھالدىكى ئۇرۇشلىرى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تارىخى ھەقىقەتلەردۇر.

تۆرك ئۆلىمالىرىنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىگە كەلسەك: تۆرك دۇنياسىدىن ناھايىتى كۆپ مۇپەسسىرلەر(تەپسىر ئالىملىرى)، مۇھەددىسلەر(ھەدىس ئالىملىرى) ۋە فۇقەھالار (فىقھى ئالىملىرى)دىن باشقا يەنى ساھە ئالىملىرىمۇ كۆپ چىققان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ: ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىسمائىل بۇخارى، ئىمام تىرمىزى، ئىمام نەسەئىي، ئىمام ھافىز، ئەللامە جارۇللا، ئەللامە زەمەخشەرى، يۇسۇپ سەككاكى، ئابدۇلقادىر جۇرجانى، سەئدۇددىن تەفتازانى، ئەللامە سەييىد شەرىپ جۇرجانى، ئەللامە شەمسىددىن سەرەخسىي، «ئەلمەبسۇت» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئەللامە سەئدۇددىن كاشغەرى، «ھىدايە» ناملىق مەشھۇر فىقھى ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەلى ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئەلمەرغىنانى، تەپسىر ئالىمى ئەبۇل بەرەكات ئابدۇللا نەسەفىي، ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىدى، ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزمى، مەھمۇد كاشغەرى، شاسى، سەمەرقەندى، نەسەفى، كاشغەرى، خوتەنى، قاتارلىق يۈزلىگەن ئالىملار ئىسلام دۇنياسىغا

چەكسىز خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىق تۈرك پەيلاسوپلىرىمۇ ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ تەسىر قوزغايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب ئالىملىرى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىگە ئوخشاش سوپىزىم ئىدىيىسىگە ئاساس سالغۇچى ئالىملارنىڭ تەسىرىگىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۆز زامانىسىدا بۇخارا، سەمەرقەنت، خارەزمى، شاس، قەشقەر، كېيىنكى زامانلاردا ئىستانبۇل ۋە باشقىمۇ بىر نەچچە ئونلىغان تۈرك شەھەرلەر ئۇزۇن زامانغىچە ئىسلامىي تەلىم تەربىيە مەركەزلىرى سۈپىتىدە خىزمەت كۆرسەتتى ۋە مەزكۇر مەركەزلەردىن مىڭلىغان ئىسلام ئۆلىمالىرى يېتىشىپ چىقتى.

## تارىختىن بۇيانقى تۈرك ئىمپېراتورلۇقلىرى ۋە دۆلەتلىرى:

تارىخ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرك مىللەتلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر سانى 130 دىن ئارتۇق بولسىمۇ بۇ يەردە پەقەت بەزى مۇھىملىرىنى زىكىر قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

1 ـ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بۈيۈك ھۇن، كۆك ھۇن، ياۋرۇپا ھۇن، ئاقھۇن ئىمپېراتورلۇقلىرى، يەنە خىتاي ئىچىدىكى ھان يادا، ئاركا چاۋ، لىياڭ ھۇن، ھىسياھۇن قاتارلىق ھۇن دۆلەتلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 928 ـ يىللاردىن مىلادىيە 552 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان.

2 ـ كۆكتۈرك دۆلىتى، شەرقىي ۋە غەربى كۆكتۈرك ئىمپېراتورلۇقلىرى ۋە تۈركەش دۆلىتى قاتارلىقلار مىلادىيە530 ـ يىللىرى بىلەن 750 ـ يىللىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان.

3 ـ ئاۋار خاقانلىقى 565 ـ يىلىدىن 835 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

4 ـ ھازار خاقانلىقى 651 ـ يىلىدىن باشلاپ 938 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

5 ـ بۈيۈك ھۇنلارنىڭ نەۋرىلىرى بولغان ئۇيغۇر خاقانلىقى، كاۋچاڭ (تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتى)، خىتاي ئىچىدىكى كانچاۋ (سېرىق ئۇيغۇر دۆلىتى) جۇڭغارىيە كۆلى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قارلۇقلار دۆلىتى قاتارلىقلار 744 ـ يىللىرى بىلەن 847 ـ يىللىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان.

6 ـ قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇر پايتەختى ئۆتۈكەنتىكى دۆلىتى 840 ـ يىلىدىن 1207 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

7 ـ قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتى 840 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

8 ـ تاتارلار، قىپچاقلار ۋە تۈركەشلەر دۆلەتلىرى 630 ـ يىلىدىن 1245 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان.

9 ـ غەزنەۋىلەر دۆلىتى 962 ـ يىلىدىن 1183 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

10 ـ بۈيۈك سەلجۇقلار دۆلىتى، تۈركىيە سەلجۇقلىرى، سۈرىيە

سەلجۇقلىرى، ئىراق سەلجۇقلىرى دۆلەتلىرى قاتارلىق بارلىق سەلجۇقلىلار ھاكىمىيىتى 1040 ـ يىللىرى بىلەن 1194 ـ يىللىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان.

11 ـ خارەزمى شاھ دۆلىتى 1097 ـ يىلىدىن 1231 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

12 ـ ئالتۇن ئوردا دۆلىتى 1236 ـ يىلىدىن 1502 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

13 ـ ئاققويىلار ۋە قارا قويىلار ئىمپېراتورلۇقلىرى 1340 ـ يىلى بىلەن 1502 ـ يىلى ئارىسىدا داۋام قىلغان.

14 ـ تىمۇرلەڭ ئىمپېراتورلۇقى 1368 ـ يىلىدىن 1501 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

15 ـ بابۇر ئىمپېراتورلىقى 1526 ـ يىلىدىن 1858 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

16 ـ بۇخارا ئۆزبېك خانلىقى 1500 ـ يىلىدىن باشلاپ 1920 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

17 ـ تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى 1299 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

## زامانىمىزدىكى تۈرك دۆلەتلىرى

«دۇنيا تۈركلىرى تور بېتىدە» دۇنيادىكى مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەر تەۋەلىكىدىكى تۈرك ئاپتونومىيەلىرى ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئازسانلىق تۈركلەر تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ.

1 ـ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا ۋە تۈرك دۇنياسىغا يولباشچى بولۇشقا تىرىشۋاتقان «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى» 1923 ـ يىلى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك باشچىلىقىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرقى ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىليون، پايتەختى «ئەنقەرە»، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 783.562 كۋادرات كىلومېتىر.

2 ـ «شىمالى قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى» 1974 ـ يىلى تۈركىيە ھاۋا ئارمىيەسى تەرىپىدىن تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇستەقىل دۆلەت ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 210،000 پايتەختى «لەپكۆشە» ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 3.355 كۋادرات كىلومېتىر.

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە قىسمەن بولسىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

3 ـ قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىليون، پايتەختى «ئاستانە» يەر كۆلىمى: 2 مىليون 725 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ ئۆزبېكىستان نوپۇسى 30 مىليون، يەر كۆلىمى: 448 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «تاشكەنت».

5 ـ ئەزەربەيجان نوپۇسى 8 مىليون، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 286600

كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «باكۇ».

6 ـ تۈركمەنىستان نوپۇسى 6 مىليون، يەر كۆلىمى: 210100 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ئاشىق ئابات».

7 ـ قىرغىزىستان نۇپۇسى 5 مىليون، يەر كۆلىمى: 198500 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «بىشكەك».

يۇقىرىدىكى 7 مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىليوندىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلۇمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

رۇسىيە، ختاي ۋە مولداۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تۈرك ئاپتونۇم رايونلىرى:

1 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «ئالتاي جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭ ئەتراپىدا، پايتەختى «گورنۇ ئالتايىسكى»، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 92.600 كۋادرات كىلومېتىر.

2 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «باشقۇرتىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 6 مىليون، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 143.600 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ئۇپا».

3 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «قاباردەي بالكارىيا جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون، ئومۇمىي يەركۆلىمى: 12.500 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «نالچىك».

4 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «چۇۋاشىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 68000 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «شۇپاشكار».

5 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «داغىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون، ئومۇمىي يەركۆلىمى: 50.300 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ماھاچكالا».

6 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «ھاكاسىيا جۇمھۇيىتى»نىڭ ئومۇمىي نۇپۇسى 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 61.900 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ئاباكان».

7 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «قاراچاي (چەركەس) جۇمھۇيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 700 مىڭ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 14.100 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «چەركەسسەك».

8 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5 مىليون، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 68000 كۋادرات كىلومېتىر، ئورنى ۋولگا دەرياسى بويىدا، پايتەختى«قازان».

9 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى «تۇۋا جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 500 مىڭ، ئومۇمىي يەركۆلىمى: 170.500كۇۋادىراتكىلومېتىر، پايتەختى «قىزىل».

10 ـ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى

«ياقۇتىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1.5 مىليون، ئومۇمىي يەركۆلىمى: 3 مىليون 103 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ياقۇتىسك».

11 ـ مولداۋىيە تەۋەلىكىدىكى «گاگاۋۇز جۇمھۇرىيىتى» (كۆكئوغۇزلاردىن بولۇپ) ئۇلار خىرىستىيان دىنىنىڭ ئورتودوكس مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئومۇمىي نوپۇسى 300 مىڭ ۋە چەتئەللەردىكى گاگاۋۇزلار يەنە 300 مىڭ ئەتراپىدا، ئومۇمىي يەركۆلىمى: 1831 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «كومرات».

12 ـ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىليوندىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 1.826.000 كۋادرات كىلومېتىر، پايتەختى «ئۈرۈمچى».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 12 تۈرك ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى: 5 مىليون 627 مىڭ 831 كۋادرات كىلومېتىر ۋە ئومۇمىي نوپۇسى 54 مىليون ئەتراپىدا.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئازسانلىق قاتارىدا ياشاۋاتقان تۈرك مىللەتلىرى:

1 ـ ئىراندىكى «ئەزەرىيلەر»نىڭ سانى 30 مىليون، «قاشقايلار»نىڭ سانى 3 مىليون، «قاچارلار»نىڭ سانى 300 مىڭ ۋە يەنە «شاھسەۋەنلەر»نىڭ سانى300 مىڭ، جەمئىي 33.600.000 ئەتراپىدا.

2 ـ رۇسىيەدىكى «تەرەكەمەلەر» بىلەن «قىپچاقلار»نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون، «دولغانلار»نىڭ نوپۇسى 20 مىڭ، سىبىرىيەدىكى «شورلار»نىڭ سانى: 30 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 1.050.000 ئەتراپىدا.

3 ـ ئىران ۋە ئافغانىستاندىكى «ھالاچلار»نىڭ سانى 200 مىڭ ئەتراپىدا.

4 ـ رۇسىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى «ئاھېسكا»لارنىڭ سانى بىر مىليون.

5 ـ رۇسىيە ۋە بۇلغارىيەدىكى «نوغاي»لارنىڭ نوپۇسى 500 مىڭ ئەتراپىدا.

6 ـ يۇنان ۋە بۇلغارىيەدىكى «بالقان»لارنىڭ سانى 1 مىليون ئەتراپىدا.

7 ـ سۈرىيەدىكى تۈركمەنلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون ئەتراپىدا.

8 ـ ئىراقتىكى تۈركمەنلەرنىڭ نوپۇسى 4 مىليون ئەتراپىدا.

9 ـ يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان «قارايىم»لارنىڭ سانى 100 مىڭ ۋە «قىرچاق»لارنىڭ سانى 100 مىڭ ئەتراپىدا.

10 ـ ھەرخىل دۆلەتلەردە ياشايدىغان

«قامۇقلار بىلەن قىپچاقلار»نىڭ سانى 500 مىڭ ئەتراپىدا.

11 ـ خىتاي تەۋەلىكىدىكى «سالا»لارنىڭ سانى 200 مىڭ، «يۇغۇرلار»نىڭ سانى 40 مىڭ ۋە «سېرىق ئۇيغۇر»لارنىڭ سانى 50 مىڭ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئومۇمىي سانى 300 مىڭ ئەتراپىدا.

12 ـ قازاقىستان، رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيەدىكى «نايمان»لارنىڭ سانى 3 مىليون ئەتراپىدا.

13 ـ پۈتۈن 27 ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىق تۈركلەرنىڭ نوپۇسى 9 مىليون.

14 ـ ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋۇستراليەدە ياشايدىغان ئاز سانلىق تۈركلەر سانى 1 مىليون ئەتراپىدا.

15 ـ ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ياۋروپا دۆلەتلىرى، ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە ۋە ئاۋستراليە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن ئاشىدۇ.

16 ـ ئۆزبېكىستانغا تەۋە ئامۇ (جەيھۇن) دەريا بويىدىكى قىزىل قۇم چۆللىگە يېقىن «قارا قالپاقىستان»لىقلارنىڭ نوپۇسى 2 مىليون، پايتەختى «نۆقۇس»، يەر كۆلىمى: 170.500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

17 ـ ئەزەربەيجانغا تەۋە ئەرمىنىيەگە يېقىن ئىران چېگرىسىدىكى «ناھچىۋان» ئەزەرىيلەرنىڭ نوپۇسى 500 مىڭ، پايتەختى «ناھچىۋان»، يەر كۆلىمى 5.500 كۋادرات كىلومېتىر.

يۇقىرىدىكى 17 خىل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 59 مىليون 852 مىڭ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا زامانىمىزدا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرخىل تۈرك قان سېستىمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ سانى 300 مىليوندىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسىملاتسىيە خەۋپىگە دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە بەزىلىرى يوقۇلۇش گىرداۋىغا يېقىنلاشماقتا.

تۈرك مىللەتلىرىنىڭ «ئاناتولىيە» زېمىنىغا كۆچۈش ۋە يەرلىشىش جەريانى:

ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر تەرىپىگە بۇنچە كۆپ تۈركلەرنىڭ قاچاندىن باشلاپ يەرلىشىشكە باشلىغانلىقى ۋە قانداق بولۇپ ـ ھازىرقىدەك سېغىپ يەرلىشىپ كېتەلىگەنلىكى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۈركىيە تارىخ كىتابلىرىدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىندۇ:

1 ـ بەزى تارىخچىلار كاۋكاز تۈركلىرىنىڭ قارا دېڭىز ۋە ئاناتولىيە ئەتراپىغا كۆچۈش ۋە يەرلىشىش ھەرىكىتىنىڭ مىلادىيەدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنلا باشلانغانلىقىنى زىكىر قىلسا،

يەنە بەزى تارىخچىلار مىلادىيەدىن بىر مىڭ يىل بۇرۇن باشلانغانلىقىنى يازىدۇ. ھەر ھالدا قارادېڭىز ئەتراپى ۋە شەرقىي ئاناتولىيەنىڭ كۆپىنچە رايونلىرىدىكى كاۋكاز تۈركلىرىنىڭ يەرلىشىش تارىخىنىڭ 3 مىڭ يىلدىن ئاشقانلىقى تارىخىي ھەقىقەتتۇر.

2 ـ مىلادىيەدىن 455 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن باشلاپ مىلادىيەدىن 350 يىل بۇرۇنغىچە بولغان 95 يىل جەريانىدا ياۋرۇپادا ھۆكۈم سۈرگەن ياۋرۇپا ھۇن دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شەرقىي ئاناتولىيە ۋە قارادېڭىز ئەتراپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاشۇ ھۇنلار زامانىدا ناھايىتى كۆپ ساندا ھۇن ۋە باشقا تۈرك ئايماقلىرىنىڭ قارادېڭىز ۋە ئاناتولىيە رايونلىرىغا يەرلەشكەنلىكى تارىخ كىتابلىرىدا ئېنىق بايان قىلىنىدۇ.

3 ـ مىلادىيەنىڭ 700 ـ يىللىرى كاۋكازىيادا باش كۆتۈرگەن ھازار تۈرك دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئاناتولىيەنىڭ قارىس، ئارتۋىن، ئاغرى، ئىغدىر ۋە ۋان قاتارلىق شەھەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاشۇ مەزگىلدە ناھايىتى كۆپ ساندىكى كاۋكاز تۈركلىرى مەزكۇر شەھەرلەرگە يەرلەشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ يىللاردا ناھايىتى كۆپ ساندىكى ھالاچ تۈركلىرىنىڭ ئەرجىس ۋە مالازگىرت ئوتتۇرىسىغا يەرلەشكەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ.

4 ـ ئۆز زامانىسىدا «ماۋەرائۇننەھىر» دەپ ئاتىلىدىغان (ئوتتۇرا ئاسىيا) زېمىنلىرىدىكى ھەرخىل تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاناتولىيە رايونلىرىغا كۆچۈش ھەرىكىتى مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا قېنىق ئايىمىقى باشچىلىقىدىكى 24 ئايماق ئوغۇز تۈرك ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلىشىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئاناتولىيەگە قارىتىلغان تارقاق ھالەتتىكى كۆچۈش ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان. ئەمما مىلادىيە 1018 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەرخىل تۈرك ئايماقلىرىنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتە ئاناتولىيەگە قاراپ ئېقىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولغان يەرلىك ئەرمەنلەر بىلەن كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قېتىم چوڭ ـ كىچىك قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ. 1038 ـ يىلى ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتى بىلەن سەلجۇقلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋان كۆلى ئۇرۇشى، 1045 ـ يىلىدىكى ئەرجىس ئۇرۇشى، 1047 ـ يىلىدىكى ھەققارى ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بولغان.[①]

---

① پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1 ـ شەرقىي تۈركىستان تارىخى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

2 ـ ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام قىسسىلىرى / راغىب سەرجانى

3 ـ دۇنيا تارىخىدا ئورتا ئاسىيا / پېتەر بى گولدەن

4 ـ تۈركلەر نەزىرىدىكى ئەرەبلەر / پاۋۇق بوز گۆز

5 ـ دۇنيا تۈركلىرى تور بېكىتى

6 ـ تۈرك دۇنياسى تەتقىقات تور بېكىتى




«تارىخى ھەمدى» ئوسمانىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىدخانغا بېغىشلانغان، ئۇيغۇر تارىخىنى رىۋايەتلىك قەدىمكى زاماندىن ھازىرقى زامانغا ئۇلىغان مۇتۋەر تارىخ كىتابىدۇر. كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى كەچۈرمىشى ئاپتۇرنىڭ بىۋاستە قاتناشقان ۋەقەلىكلىرى ۋە باشقىلاردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنغان. مەزكۇر كىتاب بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن (1908 ـ يىلى) يېزىلغان بولغاچقا بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇرمەنلىك تەلىپى، ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، تارىخ قارىشى ۋە مىللەت قاراشلىرى بىلەن سىغىشمىغان تەرەپلەر ۋە سىغىشمايدىغان ئامىللار مەۋجۇت. بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى نەزەردە ئوقۇلغان «تارىخى ھەمدى»دىن تۇغۇلغان قاراشلار مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.①

1. كىتابنىڭ ژانىرى ۋە تىلى

گەرچە «تارىخى ھەمدى»تېخى يۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغانتارىخ كىتابى بولسىمۇيېزىلىش ئۇسلۇبى نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى «تارىخى رەشىدى»، «بابۇرنامە»، «شەجەرەئى تۈرك» دېگەندەك كىتابلار بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە. بۇ مەنىدە دەۋرىمىزدىكى تارىختا دائىر كىتابلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق. شۇڭا كىتابتا بۈگۈنكى كىتابلاردەك تەتقىقات ئۇسۇلى، دائىرىسى، ئوبيېكتى، مەنبەلەر ۋە ئارخىپلارنىڭ بىرلىمەسلىكى تەبىئى.

① موللا مۇسا سايرامى ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن يېزىلغان

كىتابتا بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، دىئالوگ ۋە تەسۋىرلەر بۇ شەخسلەرنى جانلىق ئادەمگە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بۇگۈننىڭ تىلى بىلەن مەزكۇر ئەسەر تەتقىقات ئەسرى ئەمەس ئەدەبىي ئەسەر، بىر تارىخىي ئۇچېرىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇچىنچى شەخس ئاڭلاتما بايان شەكلىدە بولۇپ، تارىخىي شەخسلەر خۇددى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناجلارغا ئوخشايدۇ. تەسۋىرلەردىن ئوقۇرمەن تارىخىي شەخسلەرنى كۆرگەندەك، ئۇلار بىلەن بىۋاستە مۇڭداشقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. بەزى باپلاردا ئاپتور ئۆزىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى يازىدۇ. (214 ـ 225).

ئاپتور ئەسەردە مەلۇم تارىخىي شەخس، ھادىسە ۋە ھېكايەت ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ئۆز پىكرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايەت، ھەدىس ۋە نەمۇنىلىك ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بەزىدە ئۆزى بېيىتلارنى تۈزۈپ، مەسەل ۋە ھېكايەتلەرنى قوشۇپ ماڭىدۇ. بۇ نوقتىدا كىتاب ئۇيغۇر قەدىمكى ۋە يېقىنقى ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرىچىلىك، قىسسەچىلىك ۋە داستانچىلىق ئەنئەنىسى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

كىتابتا ئىلمىي تىل ئەمەس ئەدەبىي تىلنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق بولۇشى، سۆزلەردە ئەرەپ ـ پارسچىنىڭ كۆپرەك بولۇشى، بولۇپمۇ ئادەم، ۋەقە ۋە مەنزىرىلەرنىڭ تەسۋىرىدە ئوخشىتىشلارنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى بۈگۈنكى ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

ئاپتور ئەسەرگە قوشقان شېئىرلاردا فارسچە شېئىرلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇيغۇرچە شېئىرلاردا فارسچە سۆزلەرنىڭ جىقراق قوللىنىلىشى ۋە ئاپتور يازغان بەزى بېيىتلارنىڭ فارسچە بولۇشى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدە ئەرەب ـ فارس تىلى سۆيگۈسىنىڭ شۇ زامانلارغا قەدەر خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ زامانلاردا ئەرەبچە، فارسچە شېئىرلارنى يازغان ئابدۇقادىر داموللام، دىۋان تۈزگەن ھۈسەيىنخان تەجەللىلەر بۇ سۆيگۈنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، ئاپتور يەنە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا ئەرەب ـ فارسچە دۇئالارنى يازىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئەسەر ئەينى دەۋردىكى تارىخ يېزىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان، ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇيغۇرلاردىكى قىسسەچىلىك، داستانچىلىق ۋە تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بىر ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

2. كىتاب يېزىلىشتىكى سەۋەب

ئالدى بىلەن ئاپتور«تارىخى رەشىدى»دىن كېيىن بىر مۇكەممەل تارىخ كىتابىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى سەۋەب

دەپ كۆرسەتتدۇ،ئاندىن دوستلىرىنىڭ تەۋسىيەسىنى سەۋەب قىلىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇرادەرلىرى مۆھتەرەم ئەجداتلارنىڭ شانلىق تارىخى، قانلىق ۋەسىيەت ۋە ئىبرەتلىك ئىزلىرى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىلسا، شۇ سەۋەبلىك قەھرىمانلارىيادىلانسا، روھىغا دۇئا قىلىنسا، خۇددى ھەدىستە «ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغانغا باراۋەر» دېگەندەك، بۇ كىتابنى يېزىشقا دالالەتچى بولغان ئۆزلىرىنىڭمۇ گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ، ئەيىپلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىشقان. ئاپتورنىڭ دوستلىرى يەنە كىتابتا تەسۋىرلەنگەن خۇدا رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلەر كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ سۆھبەتلىرىدە زىكىر قىلىنسا ئاپتورنىڭمۇ ئاللاھ ئالدىدا ئەجىر ـ مۇكاتتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. ئۇلار يەنە ئەرەب ۋە ئەجەملەرنىڭ ئۆز قەۋمى ۋە ماكانى ھەققىدە كىتابلار يېزىشقانلىقىنى، يەتتە شەھەر كىشىلىرىنىڭ تارىخىدا بولغان ۋەقەلەرنى توپلاپ بىر كىتاب قىلغانلارنىڭ ئازلىقىنى شۇڭا يېزىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەۋسىيە قىلىشقان. يىغىپ ئېيتقاندا كىتابنىڭ يېزىلىشىغا، ئاپتورنىڭ ساۋاپ ئىزدىگەن دىني بۇرچى، پىداكار ئەجداتلارغا بولغان ۋارىسلىق بۇرچى ۋە دوستلىرىنىڭ تەۋسىيەسىگە سادىقسەمىمىيتى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. شۇڭا، ئاپتور ھەر بىر ماۋزۇنى باشلىغاندا دوستلىرىغا خىتاپ قىلغان شەكىلدە باشلايدۇ.

3. كىتابتىكى ئەجداتلار

«تارىخى ھەمىدى» دە، 1864 ـ يىلدىكى كۇچا قوزغىلىڭىدىن باشلانغان ۋەقەلەرنى ئاپتور ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىغان، تەكشۈرۈپ توپلىغان ۋە باشتىن كەچۈرگەنلىرى بويىچە، ئۇندىن بۇرۇنقى تارىخنى «رەۋزەتۇسسافا»، «مۇنتەخەبۇت تاۋارىخ»، «تارىخى رەشىدى»، «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» قاتارلىق كىتابلارنى مەنبە قىلىپ يازغان. بۇ مەنبەلەردە مىللەتلەر قەدىمكى يەھۇدى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا بۈگۈنكى تىلشۇناسلىق، ئارخولوگىيەلىك، ئانتروپولوگىيەلىك (ئىنسانشۇناسلىق) پاكىتلارغا مۇخالىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئومۇمەن، تۈرك، موغۇل، تاتار، قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇر، مانجۇ، نايمان، چىركەس، داچىڭ، داغىستان، تۇرغۇت، نوغاي، بارلاس، جالايىر، دىلىم، جۇرجىت، يەجۇج ـ مەجۇج قاتارلىق نەچچە مىڭ قەبىلە ۋە نەچچە مىڭ تائىپىنىڭ نەسەپلىرى تولۇق تۈرك بىننى يافەسكە يېتىدۇ» دېگەن باياندىكى بەزى مەزمۇنلار بۈگۈنكى تىلشۇناسلىققا ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن، تۈركنىڭ ئەۋلاتلىرى دېيىلگەن مىللەتلەردىن تاتار، قىپچاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، نوغاي قاتارلىقلار تۈرك تىللىرىدا، موڭغۇل، تۇرغۇت، بارلاس

قاتارلىقلار موڭغۇل تىللىرىدا، مانجۇ، جۇرجىت قاتارلىقلار مانجۇ-تۇڭگۇس تىللىرىدا سۆزلىشىدۇ. داچىڭ ۋە يەجۇجى مەجۇجلارنىڭ بۈگۈنكى قايسى مىللەت ئىكەنلىكى كىتابتا دېيىلمىگەن، بۈگۈنمۇ ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە.

ئۇيغۇر ئەجداتلىرىنىڭ تارىخى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئادەتتە يۇقارقىدەك بىر بولسا يەھۇدى رىۋايەتلىرىدىكى يافەسكە باغلانسا، يەنە بىر بولسا ئىران رىۋايەتلىرىدىكى فەرىدۇنغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىلا رىۋايەتتە ئۇچ ئوغۇل تىلغا ئېلىنىدۇ. يەھۇدى رىۋايەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يايغىن بولغان بەزى ۋارىيانتىدا يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك دېيىلگەن بىلەن باشقا ۋارىيانتىدا يوق. ئىران رىۋايەتلىرىدە فەرىدۇننىڭ تۇر، سەلم، ھىلاج (ئىرەج) دېگەن ئۇچ ئوغلى بولغان بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تۇرغا باغلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئالپ ئەرتوڭاغا باغلانغان.

دوكتۇر ئەسەت سۇلايماننىڭ قارىشىچە ئىران مەنبەلىرىدىكى ئافراسىياپ بىلەن ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ئالپ ئەرتوڭا بىر كىشىنى كۆرسىتىدىكەن. قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن قوچۇ خانلىقىغا مەنسۇپ بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوخشاشلار ئالپ ئەرتوڭانى ئورتاق ئەجدات دەپ قارىغان. ئالپ ئەرتوڭانى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك تارىخىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش يۇقارقى ئىككى شاھ ئەسەردە تىلغا ئېلىنىپ باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرىنىڭ 11-ئەسىرلەردىن كېيىن ئۆز تارىخنى چۈشىنىشتە ئەرەپ-فارس مەنبەلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك موللا مۇسا سايرامى پايدىلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ھەققىدىكى مەنبەلەر رىۋايەتلىك ئۇسلۇپتا يېزىلغان كىتابلار بولۇپ، بۈگۈنكىدەك پاكىت، تەھلىل ۋە يەكۈن شەكلىدە يېزىلغان ساپ ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىشى تەبىئىي. بۇ مەنبەلەردىن ئېلىنغان بايانلار ئوقۇرمەنلەرنى ئەجداتلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنى ئىلمىگە، پاكىتقا ئۇيغۇن بىر تارىخي ئۇچۇر دېيىشكە بولمايدۇ.

4. كىتابتىكى قوشنا مىللەتلەر

«تارىخى ھەمىدى» بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا قوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان مىللەتلەر ھەققىدە كەڭرى مەلۇمات بەرگەن. تەرتىپ بويىچە قارىغاندا كىتابتا رۇس، تۈرك، موغۇل (تۈركلەشكەن موڭغۇل)، قالماق (بۈگۈننىڭ ئىبارىسىدە جۇڭغالار)،

تۇڭگانى، ختاي، ئافغان، قىرغىز، ئۆزبېك، قازاق، قىپچاق، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئاپتورنىڭ قەلىمىدە يافەسنىڭ ئوغۇللىرى قاتارىدا تۈرك، چىن ۋە رۇس بولغان. چىن دەسلەپكى بەتلەردە ختاي مىللىتىنى كۆرسەتكەندىن باشقا تارىختىكى ختايلار ۋە شۇ چاغدىكى مانجۇلار قۇرغان دۆلەتنى كۆرسەتكەن. چىن دەپ ئاتالغان ختاي مىللىتى يافەسنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بولۇپ ماچىننىڭ ئوغلى دېيىلگەن. چىن ھەققىدە ناھايىتى مەدھىيىلىك بىر ھىكايە كىرگۈزۈلگەن(47 ـ 48). مەزكۇر ھىكايىدىكى شەرق دۇنياسىغا مەشھۇر «مۇشكى خوتەن»، خوتەن ئېپارىنىڭ (خوتەن ئېپارى، خوتەندە ۋە تىبەتتە ياشايدىغان، ئۇيغۇرچە ئاھۇ دېيىلىدىغان بىر كېيىكتىن چىقىدىغان خۇشپۇراق ماددا) تىلغا ئېلىنىشى بىزگە ئاپتورنىڭ ماچىن دېگەندە خوتەننى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاپتور كىتابىدا چىن ۋە تۈرك ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ رۇس ھەققىدە ھېچ بىر مەلۇمات بەرمەيدۇ.

ئاپتور كىتابىدا موڭغۇللارنىڭ تۈركلەشكەنلىكى، قالماقلارنىڭ تاجاۋۇزى، تۇڭگانلارنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە شەھەرگە كېلىشى، ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاق مەسجىدتىكى قازاقلار، قىرغىزلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشى، ختايلارنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغان. بۇنىڭدىن بىز بۇگۈنكى ئۇيغۇرلارغا قوشنا موڭغۇل، قىرغىز، تۇڭگان، ختاي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىمىز. بولۇپمۇ ئاپتور قالماق (بۈگۈنكى تىلىمىزدا جۇڭغارلار)، ختاي ۋە تۇڭگانلار ھەققىدە بەرگەن بايانلىرى كۆپرەك بولغان.

ئەپسۇسكى، كىتابتا ختايلار ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا سەل مۇبالىغە (47بەت)، قىسمەن ئەپسانىۋى (57،67،71ب) ۋە يۈزە (131ب) بولغانلىقى ئۈستىگە بىرئاز ئاساسسىز (145ب) تەرەپلەرمۇ بار. ئۇندىن باشقا كىتابتا بارلىق زىددىيەت، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسىنى يەرلىك ھاكىم ۋە ختاي ئەمەلدارلارغا ئارتىپ، خاننى ئاقلاش ۋە ختاي ھاكىمىيىتىنى ھەقلىق كۆرستىش خاھىشى بار.

كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلداش قېرىنداشلىرىمىزنى بېسىۋالغان روسلار ھەققىدىمۇ مۆرىتى كەلگەندە بىر ئىككى جۈملە يېزىلغاندىن باشقا تۈزۈك مەلۇمات بېرىلمىگەن. روسلارنىڭ قانداق تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، قانداق كۈچىيىپ ئۆز زامانىسىدىكى قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلگەنلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق بايان بېرىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدا تەڭرىتاغنىڭ

جەنۇپ ۋە شىمالى پۈتۈنلەي روسلارنىڭ ئىقتىسادى كونتروللۇقى ئاستىدا ئىدى. روسلار تەيىنلىگەن ئۆزبېك، تاتار ئاقساقاللىرى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن ئىدى.

ئەينى چاغدا موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش زىيالىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان قوشنا مىللەتلەر، بولۇپمۇ روس، چىڭ ۋە بېرىتانىيە ئىمپېرىيەلىرى ھەققىدە بىۋاستە مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغانلىقى ئېچىنارلىق. بەلكىم بۇ تۆمۈر خەلپە، مويىدىن خەلپە، قاتارلىق ئىنقىلاپچىلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ قىسمەن سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈندىن يۈز يىل بۇرۇن ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ئېنگىلىزلار، روسلار، خىتايلار ھەققىدە يەتكۈزگەن مەلۇمات نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئەرەپ - پارىسچە يېزىلغان كىتابلاردىن كەلگەنلىكى ئېچىنارلىق. بولۇپمۇ روس، برىتانىيە قاتارلىق ئىمپېرىيەلەرنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش كۆرەشلىرىدىن، ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئاۋامنىڭ ئەمەس، موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش زىيالىلارنىڭمۇ بىخەۋەرلىكى بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەرنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بۈگۈندىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن يېزىلغان مەزكۇر كىتابتا ئىستىقبالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك روس، ئەنگىلىيە ۋە خىتاي ئىمپېرىيەلىرى ئويناۋاتقان ئويۇن ھەققىدە بىر مەلۇماتنىڭ بولماسلىقى، زىيالىلاردىكى بىلىم ۋە ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ بۇنداق رىۋايەتلىك، كونا ۋە تارلىقىدىن ئۇلارنىڭ بۈگۈندىن 100 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئاۋامنى جاھان يېڭىلىقلىرىدىن، دۇنياۋى يۈزلىنىشتىن، دۇنيادىكى كۈچلەردىن ۋاقىپلاندۇرۇشتىكى رولىنىڭ نەقەدەر يېتەرسىز ۋە نۇقسانلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇ رىئاللىق بۈگۈنمۇ تامامەن ئۆزگەرگەن ئەمەس. مەسىلەن، ئەركىن موھىتتا نەشىر قىلىنغان «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى»، «يول بۇ يەردە» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلار مىسىردا 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا يېزىلغان. بۇ كىتابلار شۇ دەۋردىكى، يات تۇپراقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېزىلغان، بۈگۈنكى مەسىلىلەر، مىللىي كرىزىسىمىز بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق كونا زامانىدىكى ئەسەرلەرنىڭ زامان ئۆزگىرىپ بولغاندىن كېيىن قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ھېلىمۇ مەۋجۇت. خۇددى يۈز نەچچە يىللار بۇرۇن تارىخ ھەققىدە يېزىلغان قەدىمكى ئەرەپ پارىسچە كونا كىتابلار ئۇيغۇرلارنىڭ

ئەجدادى ۋە قوشنىلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىلىم بېرەلمىگەندەك، ئاتمىش يەتمىش يىللار بۇرۇن يېزىلغان ئەرەبچە كىتابلارمۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى ئورنى، چېكىنىش سەۋەبى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە بېرەلىشى ناتايىن.

5. كىتابنىكى تەنقىدىي تەپەككۇر

«تارىخى ھەمىدى» بۈگۈن ئۈچۈن تەنقىدىي تەپەككۇرغا تويۇنغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. كىتابتا تەنقىدىي تەپەككۇر تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەنگەن. بىرى شۇ زاماندا ھەق دەپ قوبۇل قىلىنغان رىۋايەتلەر رەت قىلىنغان. ئەينى چاغدا چىڭگىزخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان قاتارلىق موغۇل شاھلارنىڭ ئەجدادى ھېساپلانغان ئايال پادىشاھ ئەلەنقۇۋانىڭ نۇردىن ھامىلدار بولغانلىقى، بۇ نۇرنىڭ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نۇرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بولغان. ھەتتا ئەلىشىر نەۋايى يېزىلىشغا سەۋەب بولغان «رەۋزەتۇسسەفا» دېگەن كىتابتىمۇ بۇ رىۋايەت توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئاپتۇر «تارىخى ھەمىدى» دە بۇ قاراشنى پاكىتلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

كىتابنىكى تەنقىدىي تەپەككۇر يەنە ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋىردە دىن نامدا ئەۋج ئالغان تۈرلۈك ئىقىملارنىڭ ئەسلى ماھىيتىنى ئېچىپ كۆرستىپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ ئۇچتۇرپاندا ئەۋج ئالغان كوبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرستىپ بەرگەنلىكى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتۇر يەنە كىتابىدا ھەر قايسى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە ئەۋج ئالغان مازارغا چوقۇنۇش خاھىشىنى تەنقىت قىلىپ تۇرپاندىكى ئەسھابۇل كەھفنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. كىتابتا يەنە تارىخىي پاكىتلار بىلەن خوتەن ۋە باشقا يۇرتلاردىكى بىر قىسم مازارلارنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان.

كىتابتا ئاپتۇر ئۆزىنىڭ دىنى، تارىخىي بىلىملىرىگە تايىنىپ ئوتتۇرا ئاسيا ۋە ئەرەپ پارىسلاردىن ۋەتىنىمزگە كىلىپ «مەھدىلىك» داۋاسى قىلغانلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئۇندىن باشقا كىتابتا تارىخىي شەخسلەرنىڭ غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرى پاكىتلىق تەھلىل قىلىنغان. كىتابتا يەنە شاھلار، ئالىملار، شېھىتلەر ۋە غازىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى، مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئەمەلىي سەۋەبلەر مۇلاھىزە ۋە تەنقىت قىلىنىپ ھەممىنى ئاللاھ ۋە تەقدىرگە ئارتىپ قويۇشتىن ساقلانغان. ئەمما شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى، كىتابتا شەخسلەر، ھادىسىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر ھەققىدىكى تەھلىل، تەرىپ ۋە بايانلاردا دائىم ئەقىدە نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىش، ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىنى تەقدىرچىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە ھەممىگە دىن

دېيىلىپ قالغان رىۋايەتلەرگە تايىنىپ هۆكۈم قىلىش خاھىشىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان.

6. كىتابتىكى خەلىپە، ئوسمانىيە ۋە ياقۇپبەگ مايىللىقى

كىتابتا ئاپتور ئۇيغۇرلاردىن چىققان يەرلىك قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن بەكرەك ياقۇپ بەگ هاكىمىيىتىگە مايىللىق بىلدۈرگەن. مەسىلەن، ياقۇپبەگ بەڭ خۇمارى سەۋەبلىك ئۇخلىيالماي دۈشمەننىڭ قەستىنى تاسادىپى بايقاپ قالغان ئىككى ئافغان ئەسكەرنى تارتۇقلايدۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بەڭ، نەشە چېكىشىگە ئىجازەت بېرىدۇ.[①] ئوخشاش ۋەقە راشىدىن خوجا هۆكۈمرانلىقىدىكى كۇچادا يۈز بەرگەن بولۇپ قىمار ئوينىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئويغاقلىقى سەۋەبلىك مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ قالغان خوجا راشىدىن ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىمار ئويناشنى چەكلىمىگەن. ئاپتور راشىدىن خوجا قىلغان ئىشنى شەرىئەتكە خىلاپ دەپ سەلبى مىسال سۈپىتىدە بەرگەن. ياقۇپ بەگنىڭ قىلغانلىرىنى باھا بەرمەي ئۆتكۈزىۋەتكەن.

ئەسەردىكى ئوسمانىيە مايىللىقىمۇ كۈچلۈك بولغان. هالبۇكى ياقۇپبەگنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى مىراخور باشى دەپ قوبۇل قىلغان خەلىپە، ياقۇپ بەگ ئۆلتۈرۈلۈپ جەستى كۆيدۈرۈلگەندە هېچ بىر سادا چىقارمىغان. ئوسمانىيە ئارخىپلىرىغا قارىغاندا ياقۇپ بەگ هاكىمىيىتى قەشقەر ئەمىرلىكى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، ئەمما چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغاندا هېچ بىر بايانات بېرىلمىگەن. ئەكسىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بېيجىڭغا ئۆمەك ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە غەرپكە تاقابىل تۇرماقچى بولغان. 1860 ـ يىلى چاغدا ۋاسلى ۋاسىلىيىۋ خىتاينىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ ئوسمانىيەدىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە بۇ ھەقتە مۇلاھىزە قايىنىغان، بېيجىڭغا مەخسۇس خادىم ئەۋەتىلىپ دەۋەتچىلىك قانات يايغۇزۇلغان. ئوسمانىيە ئوردىسىدا ئەرەبچە دەرس بېرىدىغان ئابدۇلئەزىز غۇلجالى دېگەن كىشى چىڭ سۇلالىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ئىستانبۇلدىكى ئىقدام دېگەن گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ مەدھىيەلىگەن. دېمەك، ئوسمانىيە ياقۇپ بەگ هاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بولماسلىقىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىسلام دەۋەتچىلىكىنىڭ غايىسى ۋە غەربكە تاقابىل تۇرۇۋشتىكى شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن.

«تارىخى ھەمىدى» تەرغىپ قىلغان مەيلى خەلىپىلىك مايىللىقى، ئوسمانىيە

① مەزكۇر كىتاب 409 ـ بەت

مايىللىقى ۋە ياقۇپ بەگ مايىللىقى بولسۇن بىر تەپەككۇر قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان، تېخىچە تارىختا ئايلانمايدىغان مەسىلە. كىتابتا يېزىلىشچە كۇچا، خوتەن ۋە قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنى ئۆزلىرى تەختكە ئولتۇرغۇزغان. ياقۇپ بەگ خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەبىبۇللاھ مۇپتى ئۈچۈن دەريا دەريا قان ئاققۇزغانلىقى «تارىخى ھەمىدى» دە يېزىلغان بولۇپ ئەينى دەۋردە 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى جان بەرگەن. شۇ قەھرىمان خەلق نېمە ئۈچۈن چەتئەل ئارمىيەسى كەلگەندە، ياقۇپ بەگنىڭ جەسىدى كۆيدۈرۈلگەندە جان بەرمەيدۇ. چۈنكى خەلق ياقۇپبەگ دۆلىتىنى ئۆز ھاكىمىيتى دەپ تونىمىغان. ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرىنىڭ چەتئەل ئارمىيەسىگە قارشى چىقمايلا چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى ئاپتۇر «ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دېمەك ئاپتۇرمۇ ۋەتىنىنى ياقۇپ بەگ باشلاپ كەلگەن قوشۇننىڭ ۋەتىنى دەپ قارىمىغان. ئەمما كۆپىنچە سەھىپىدە ئۇلارغا مايىللىق بىلدۈرگەن. كىتابتىكى خەلىپە، ئوسمانىيە ۋە سىرتتىقى ياردەم ۋە كۈچلەرگە بولغان مايىللىق بۈگۈنگە مىراس قالمىغان دېيەلمەيمىز. بۇنداق ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە مىللىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زىددىيەتلىك تونۇش، زىددىيەتلىك پىكىر، ھەرىكەتلەرنىڭ مىراس قىلىشى بىلەن ئېچىنىشلىق ھالەتنىڭ ئۆزگەرمەي داۋام قىلىشى ئوتتۇرىسىدا بىر مۇناسىۋەت يوق دېيەلمەيمىز. تارىخنى ئوقۇش تارىختىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

«تارىخى ھەمىدى» ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ ئېسىل ئەسەرلىرىمىزنىڭ بىرى. موللا مۇسا سايرامىمۇ خۇددى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخشۇناس دوكتورى كىم خودۇڭ ئېيتقاندەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ياخشى تارىخچى. ئەلۋەتتە، يۈز يىل بۇرۇن يېزىلغان بىر كىتابنى بۈگۈننىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ باھالىساق كىتاب ھەققىدە بەزى پەرىقلىق تونۇشلارغا كېلىمىز. بىر ئوقۇرمەندە بۇنداق پەرىقلىق تونۇشلارنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ كىتابنىڭ قىممىتىگە شەك چۈشۈرمەيدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ بىزنى مۇشۇنداق قاراشلارغا ئىگە قىلالىغانلىقى ۋە يۈز يىلدىن بېرى ئوقۇلۇشقا، تەتقىق قىلىنىشقا ۋە قايتا قايتا نەشر قىلىنىشقا سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قىممىتىنى شەكسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.[①]

---

① بۇ ماقالە 2017-يىلى 6-ماي، ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.




80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كۇچا كونا شەھەردىكى رەستە بازىرى مەركىزى بازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردە رەستە مەسجىدىگە قاراشلىق دۇكانلاردىن سىرت، رەستىدىكى مەيدانىڭ ئەتراپىدىمۇ بىر مۇنچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بار ئىدى. ناھىيىلىك 1 ـ باشلانقۇچ مەكتەپكە بارىدىغان تاسما كوچىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى بوشلۇققا سودىگەرلەرنىڭ لاپاسلىق بازىرى جايلاشقان بولۇپ، بۇ بازار چوڭ سايغا سېلىنغان ئەسلىدىكى ياغاچ كۆرۈكنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. بۇ ياغاچ كۆرۈك كېيىن چېقىپ تاشلىنىپ، 1985 ـ يىلى ئۇنىڭ يۈز مېتىر شىمالىغا ھازىرقى «كۆسەن كېچىكى» نامىدىكى بېتون كۆۋرۈكنى سالدى. پۈتۈن رەستە بازىرى جۈمە كۈنلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئادەملەرنىڭ زىچلىقىدىن بازاردا بىرنەرسە ئېلىش تۈگۈل، مېڭىشمۇ شۇنچىلىك قىيىن ئىدى. بازاردىكى ئالارمەن ۋە ساتارمەنلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن ئاجايىپ جانلىق بىر مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رەستە مەسجىدىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان پۈتۈن بازار ھەركەتتىن توختاپ، ئادەملەر تۇرغان ئورۇنلىرىدا زوڭ ئولتۇرۇشۇپ، مۇڭلۇق ئەزانغا قۇلاق سالاتتى، ئەتراپنى تۇيۇقسىز شۇنچىلىك جىمجىتلىق باساتتىكى، بۇ ھالەت خۇددى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان تىلسىم قىلىنغان شەھەرگە ئوخشاپ قالاتتى. پەقەت مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىلا شەھەر ئاسمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەزان ئاۋازى توختىغان ھامان بازار قايتىدىن ئەسلىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ھالىتىگە كىرەتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئائىلىنىڭ

كىيىم-كېچەك دۇكىنىمۇ دەل ئاشۇ رەستىدىكى لاپاسلىق سودىگەر بازىرىدا ئىدى. مەن بازار كۈنلىرى ۋە يازلىق تەتىللەردە ئۆيدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، دۇكانغا قارىشىپ بېرەتتىم. 9-سىنىپنى تۈگەتكەن يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بازارغا ئوتتۇرا بويى، سىمىزىرەك، يۈزلىرى گۆشلۈك كەلگەن، ئۇچىسىغا ئاق كاسا تون بىلەن ئاق ئىشتان كەيگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بازاردىكى دۇكاندارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزغىن سالاملاشقىلى تۇردى.مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئالدىغا بېرىپ، سالام بېرىپ، كۆرۈشتۈم. ئۇ ئادەمنىڭ سالاپىتىدىن ۋە سودىگەرلەرنىڭ «ھاجىمكا» دەپ ئاتاشلىرىدىن ئۇ ئادەمنىڭ دىنىي مۆتىۋەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلساممۇ، ئامما كىملىكىنى بىلەلمىگەنىدىم. كېيىن باشقىلاردىن ھىندىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئىسىمدە قېلىشىچە ئانام بۇ ئادەم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندەك قىلغانىدى.

ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئابدۇرېھىم قارىم بىلەن ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى كۈچادا ئېلىپ بارغان چوڭ تۇتقۇندا بىرلىكتە تۇتقۇن بولغانىكەن. كېيىن ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم تۈرمىدىن چىقىپ، ساق-سالامەت كۈچاغا قايتىپ كېلىپتۇ. بۇ تۇتقۇن ھەققىدە كۈچا تارىخ ماتېرىياللىرىدا تەپسىلىي بىر ئەسلىمە ئىلان قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىمىدە جەمئىي تۇتقۇن قىلىنغان 87ئادەمنىڭ ئىسمى بېرىلگەن. ئەسلىمىدە ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى 21-ئورۇندا ئۇچرايدۇ ۋە تۇتقۇن بولغانلاردىن پەقەت ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم قاتارلىق 8 ئادەمنىڭلا تۈرمىدىن چىقىپ، ساق-سالامەت كۈچاغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئانامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ ۋەقە 1936-يىلى 3-ئايدا كۈچادا يۈز بەرگەن بولۇپ، تۇتقۇن بولغان شۇ كېچىسى ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم ساقساقتىكى ئۆيىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇندىن ئامان قالىدۇ. ئەمما بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ، ساقچى ئىدارىسى ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىمنى دەرھال قولغا ئالىدۇ. ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم تاكى 1943-يىلىغىچە ئاقسۇدا تۈرمىدە يېتىپ، شۇ يىلى 7-ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ يۇرتى كۈچاغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھامۇت مەۋلىۋى دامولla ھاجىم كۈچادىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ساناقلىق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، كىچىك پېئىل ئىنسان ئىدى. ئۇ 1898-يىلى كۈچا ناھىيىسىنىڭ ئۆزۈن يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى دىنىي بىلىملەرنى ئۆز يېزىسىدىكى مەدرىسىلەردە ئالىدۇ. 17ياشلارغا كىرگەن مەزگىلىدە كۈچا شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئەينى دەۋردىكى

كۇچانىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرى ھېساپلانغان ئىبراھىم قۇزات ئاخۇنۇم، ھاشىم قازى كالان، ئابدۇمجىت داموللام قاتالىق بىر قىسىم كىشىلەردىن دىنىي بىلىم ئالدۇ. 1922-يىلى قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىستە ئوقۇيدۇ. قەشقەرخانلىق مەدرىسىنى 1928-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىگە بېرىپ، دېۋبەند دارىلئۇلۇمغا ئوقۇشقا بېرىپ، مەۋلىۋى ئۇنۋانىنى ئالدۇ[1]. 1935-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كۇچا خانىقا مەسجىدىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان مەھكىمە شەرئىگە قازى كالان بولىدۇ.

ھامۇت مەۋلۋى داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتدا كۇچا خەلقى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە ئىلىمسىزلىكنىڭ قارا قازىنىدا قاينىلپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسدە ئىڭراۋاتقان مەزگىل ئىدى. خەلقنىڭ گەجگىسگە ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم-ستەملىرىدىن سىرت رىياكار موللىلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، ئالدامچىلىقىدىن شەكىللەنگەن قارا كۈنلەرمۇ يۈكلەنگەنىدى[2]. ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىمغا ياردەملىشىپ، ناماز ھەققى ئېلىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. 1946-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندە كۇچا خەلقىگە ۋاكالەتەن ۋەكىل بولۇپ، مۇسايىپ داموللا ھاجىم بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئەخمەتجان قاسىمغا كۇچا خەلقىنىڭ دەرت - ئەلەملىك ئەھۋالىنى، ئارزۇ-تەلەپلىرىنى يەتكۈزىدۇ. [3]

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم تاكى مەھكىمە شەرئى ئەمەلدىن قالغۇچە قازى كالانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ قازى كالان بولغان مەھكىمە شەرئىنىڭ ئورنى ھازىرمۇ كۇچا كونا شەھەردىكى خانىقا مەسجىدىنىڭ ئىچىدە بار بولۇپ، مەشھۇر مەدەنىيەت ياردىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. كۇچا خانىقا مەسجىدى سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە سېلىنغان 500 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەسجىد بولۇپ، بىزنىڭ ئۆي ئاشۇ مەسجىدنىڭ يېنىدا ئىدى. ئاتاممۇ 90-يىللاردا بۇ مەسجىدنىڭ ئىقتىسادىي ۋە خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، مەسجىدنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇش ۋە يېڭىدىن سىرلاش ئىشلىرىنى بېجىرگەن ئىدى. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى مۇشۇ مەسجىدتە ئوقۇغاندىن سىرت، بىكار ۋاقىتلىرىمدا مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىرلىكتە مەسجىدنىڭ ئويلىسىغا كىرىپ ئويناپتىم. شۇ چاغلاردا ھامۇت داموللا ھاجىم قازى كالانلىقتا ئولتۇرغان مەھكىمە شەرئىنى داۋاملىق كۆرەتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم بىلەن مۇشۇ خانىقا مەسجىدتە بىر قانچە قېتىم

كۆرۈشۈش پۇرستىگە نائىل بولدۇم.

هــامۇت مەۋلــۇۋى دامــوللا هــاجىم 1955-يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمكىنىڭ ماۋۇن باشــلىقى ســۈپىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بارىدۇ ۋە پادىشاھ خالىــد ئابــدۇلئەزىزنىڭ كاتتــا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەج ئۆمكى ھەجدىن يېنىــپ، قــاھىرەدە زىيــارەتتە بولــۇش ئۈچــۈن مىسىرغا چۈشكەندە پرېزىــدېنت جامــال ئابدۇل ناســىرمۇ يــۇقىرى ئــىززەت ـ ئېھرام بىلەن كۈتۈۋالــدۇ. مىســىردىن يېنىــپ ھىندىســتان ۋە ھىنــدۇنېزىيەگە بارغاندىمۇ شــۇ دۆلەت رەھبەرلىرىنىــڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.【4】

هامۇت مەۋلىۋى داموللا هاجىم دىنىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىقى، ئادىدي ـ ساددا، چىقىشقاق، كەمتەر مــىجەزى، ئادىــل ۋە تۈز كۆڭۈللىكى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقــۇر ئــورۇن ئالــدۇ ۋە جامــائەت ئارىسىدا يۇكسەك ھــۆرمەتكە ســازاۋەر بولىدۇ. ئۇ مــۇھەممەد ســالىھ ھــاجىم تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىــڭ ئۇيغــۇرچە تەرجىمىســــىنى بىكىــتىش خىزمىتىگە قاتناشقان ســاناقلىق دىنىــي مۆتىۋەرلىرىمىزنىــڭ بىــرى بولــۇپ، «قۇرئــان كەرىــم»نىــڭ ئۇيغــۇرچە تەرجىمىســــىنىڭ ئۇتۇقلــۇق بولــۇپ چىقىشىغا زور تۆھپە قوشىدۇ.

دىنىي بىلىم ۋە ئىنســانىي پەزىلەتــتە ئۆزگە خاس ئۆلگە ياراتقــان بــۇ زات 1991-يىلــى 9-ئاينىــڭ 13-كــۈنى يۇرەك كېسلى بىــلەن 93 يېشــىدا ئــۇ ئــالەمگە ســەپەر قىلــدۇ ۋە ئۆزىۈنىــڭ ۋەســـــــيىتى بـــــــويىچە مەۋلانەم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. مەۋلانەم قەبرىســتانلىقى 1354-يىلــى تۇغلــۇق تۇمۇرخاننى ئىسلامغا دەۋەت قىلغــان ۋە پۈتۈن كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشــىغا زور تۆھپە قوشقان مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ نامىدا ئاتالغان قەبرىســتانلىق بولــۇپ، مەۋلانە ئەرشــىدىنىنىڭ قەبرىســىمۇ شــۇ يەرگە جايلاشــقان. بــۇ يەر كۇچــادىكى مەشھۇر تارىخي زىيارەتگاھلارنىڭ بىــرى بولـــۇپ، تـــارىختىن بۇيـــان بـــۇ قەبرىســــتانلىققا مەۋلانە ئەرشــــىدىنىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سىرت كۇچــادا ئــۆتكەن نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالار دەپنە قىلىنغان. ئەمما يېقىنقى مەزگىلــدىكى ئۇچۇرلارغــا قارىغانـــدا ھۆكـــۈمەت پەقەت مەۋلانە ئەرشــىدىنىنىڭ قەبرىگــاھىنى ســىمۋول خاراكتېرلىك ساقلاپ قالغانــدىن ســىرت باشقا قەبرىلەرنىڭ ھەممىسنى چېقىــپ، تۈزلىۋەتكەن. هامۇت مەۋلىۋى دامــوللا هاجىمنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ قاتاردا چېقىپ تاشلانغان. مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاللاھتىن ئالىي جەننەت تىلەيمىز.①

---


① مەنبە ۋە پايدىلانمىلار

【1】 كۇچادا ئۆتكەن تارىخى شەخســلەر، 158-بەت، شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشــرىياتى 2012-يىلــى،1-نەشرى

【2】 «مەرىپەت ژورنىلى» 2017-يىللــق 1-ســان 50-بەت

【3】 «مەرىپەت ژورنىلى» 2017-يىللــق 1-ســان 51-بەت

【4】 كۇچادا ئۆتكەن تارىخى شەخسلەر، 160-بەت، «شىنجاڭ» پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلــى، 1-نەشرى كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى، 1997-يىلى، 1-نەشرى






## ئون ئۈچىنچى گۈلخان

### ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار!

مۇسۇلمانلاردىكى جەمەتچىلىك ۋە ئائىلىچىلىك ئەندىزىسى غەرب ئەللىرىگە سېلىشتۇرغاندا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن شەخس ۋە ئائىلىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ رىشتىدىن ئىپتىخارلىنىمىز ۋە غورۇرلىنىمىز.

كۈنىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى ۋە خىزمەت بېسىمى باھانىسىدە ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئائىلىلىرىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمايۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال، ئۇلار مۇھەققەق زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى قولىدىن بېرىپ قويغانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئانىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى

كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «خار بولۇپ كەتسۇن، خار بولۇپ كەتسۇن، ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ياشانغاندا (ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) جەننەتتىن مەھرۇم قالغان كىشى خار بولۇپ كەتسۇن.»[2] بۇ ھەدىس ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولمىغانلارغا يېتەرلىكتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ لايىقىدا ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «پەرزەنت ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھەققىنى ھەرگىزمۇ ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانىسى قۇل بولۇپ پەرزەنتى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتسە ئادا بولىدۇ.»[3]

ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەققى دادىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاناڭ، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدى، ئۇ ئادەم. ئاناڭ، ئاندىن قالسىچۇ؟ ئاناڭ. ئۇ ئادەم يەنە ئاندىن قالسىچۇ، دەپ سورىۋېدى، ئاندىن قالسا داداڭ دەپ جاۋاپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

[1]سۈرە ئىسرا 22 ـ 24 ـ ئايەتلەر
[2]مۇسلىم رىۋايىتى
[3]مۇسلىم رىۋايىتى

دەۋرىمىزدە شۇنداق ئېسىل ياشلىرىمىزمۇ باركى، ئاي ئاخىرىدا مائاشىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ «خالىغانچە سەرپ قىلىڭلار، سەرپ قىلغىنىڭلار ئاشۇرۇپ قويغىنىڭلاردىن سۆيۈملۈكراق» دېيەلەيدىغان...

يەنە شۇنداق ئېسىل ياشلىرىمىزمۇ باركى، ئاتا ـ ئانىسى بار سورۇندا ئەيمەنمەي تۈزۈكراق گەپمۇ قىلالمايدىغان...

يەنە شۇنداق ياشلىرىمىزمۇ باركى، كۈندە ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئېھتىياجلىرىنى قامداپ ئۆتىدىغان...

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، مانا بۇ ياشلىرىمىز ئاللاھ بىلەن سودا قىلىۋاتقانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سودىسى ھەقىقەتەن پايدىلىق، ئۇتۇقلۇق سودىدۇر.

مېنىڭچە پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق ۋە خۇشۇلۇق تىلىمەيدىغان، ئۇلارنىڭ بەختىگە دۇئا قىلمايدىغان ئاتا ـ ئانا بولمىسا كېرەك. ئەمما دائىم ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدىغان پەرزەنتلەرگە قىلىنغان دۇئا ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇدۇللۇق مۇئامىلە قىلىدىغان پەرزەنتلەرگە قىلىنغان دۇئاغا قارىغاندا ئىجاۋەت قىلىنىش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاتا ـ ئاناڭلارغا ئەڭ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن گەپ قىلىڭلار. ئۇلارغا

قانچىكى مۇلايىم، يېقىشلىق سۆزلەرنى قىلساڭلار ئەرزىيدۇ.

2. ئاتا-ئاناڭلارغا بولغان ئىھسان، ياخشى مۇئامىلە ۋە چىرايلىق سۆزلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىكى ۋەسىلىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

3. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى دۇنيادىكى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى چەكسىز، مىننەتسىز، سەۋەبسىز ياخشى كۆرىدۇ. سىلەرمۇ ئۇلارنى بارلىق نەرسىلەردىن، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىڭلاردىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇڭلار.

4. پات-پات ئاتا-ئانىلىرىڭلارغا ئۈيلىمىغان تەرەپلەردىن خۇشاللىق بېغىشلاڭلار، ئۇلارنى تۇيۇقسىز شادلاندۇرۇڭلار. ئۇلارنى خۇشال قىلىشنىڭ يېڭى-يېڭى ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىڭلار.

5. سىلەرنىڭ دۇرۇس، توغرا يولدىكى ئادەم بولۇشۇڭلار ئاتا-ئاناڭلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھەدىيەڭلار بولسۇن.




## ئالاھىدە ئىقتىدار ھازىرلاڭلار!

بەزى ياشلار «بىز ئۆزىمىزنى ئالاھىدە كىشىلەرگە ئايلاندۇرالايدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەردىن قىلالايدىغان يۇقىرى ئىقتىدار ھازىرلىيالامدۇق ياكى بۇ ئىمتىياز پەقەت ئالاھىدە يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارغا ۋە بايلارغىلا خاسمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. بۇ سوئالغا جاۋابەن دېيەلەيمىزكى، بىز ھەممىمىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرى. بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىز ئاللاھنىڭ قولىدا. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە داۋام قىلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز سەۋەب قىلىشقا ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغان. بۇ دۇنيادىكى ھەر ئىش سەۋەب ۋە نەتىجە قانۇنىيىتى بويىچە ماڭىدۇ. ھەر ئىشنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمىسى بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بىز ئەتراپىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ياكى مەغلۇپ بولغانلارنىڭ تارىخ-تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيىتىدىكى 90% تىن يۇقىرى ئامىلنىڭ يەنىلا سەۋەبلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاللاھ تائالا ھېچقاچان تىرىشقانلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئى ياشلار، مەن سىلەردىن ھاياتىڭلاردا مۇشۇ ئاساس بويىچە ھەرىكەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئالدىمىزدا چوڭ بىر دوسكا بار، بىز قولىمىزدىكى قەلەم ئارقىلىق دوسكىغا رەسىم سىزماقچى. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن قۇتىلاردا ھەرخىل بوياقلار بار. بۇ بوياقلار گويا بىزنىڭ ئوي-خىيال، دىت، ئىلىم، ئەخلاق، تەجرىبە ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزدۇر. بىز مانا

مۇشۇ دىتاللاردىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرغۇدەك، كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇدەك بىر رەسىم سىزماقچى... ئالدىمىزدىكى بۇ دوسكا دەل بىزنىڭ هاياتىمىزدۇر.

ئۇنداقتا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟! ئەلۋەتتە بىزدە يېتەرلىك ئىقتىدار ۋە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خۇسۇسىيەت هازىرلىقلار بولۇشى كېرەك:

1. ئالاهىدە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش. ئالاهىدە ئىقتىدار دېگىنىمىز ئۇزاق مۇددەت مۇئەييەن نىشان بويىچە ئۆزىنى چىنىقتۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئالاهىدە ئىقتىدار ياكى تالانت هەرگىزمۇ باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياكى باشقىلاردىن هالقىشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن هالقىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىدىن هالقىش، ئۆزىنى بېسىپ چۈشۈش دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ئۇتۇقتۇر.

2. هەر بىر ئادەمدىن يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىشنى ياكى كۆپ مال-دۇنياغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن هەردەم تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئىزچىل هالدا يۈكسەك غايە ۋە ئالىيجاناب روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە قەدەممۇ-قەدەم ئۆزىدىن هالقىشتۇر.

3. بىز هاياتىمىزدىكى هەر بىر قەدەم ۋە هەر بىر لەھزىنى هېلىقى دوسكىغا سىزىلغان بىر سىزىق دەپ قارىشىمىز كېرەك. هەر قېتىم دوسكىغا بىر سىزىق سىزىلغاندا بىز سىزماقچى بولغان رەسىمنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تاماملىغان بولىمىز. ئۇنداق بولغانىكەن، بىزنىڭ سىزماقچى بولغان رەسىمىمىز دائىم تەسەۋۋۇرىمىزدا چاقناپ، قەلبىمىزدە يالقۇنلاپ تۇرۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز قالايمىقان سىزىق سىزىپ قېلىشتىن ساقلىنالايمىز ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىرادىلىك هالدا بولىمىزنى داۋام قىلالايمىز.

4. نىشانىمىزنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن شۇ نىشانغا ئەڭ تېز، ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ قولاي ئۇسۇلدا يەتكۈزىدىغان بارلىق يوللارنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

5. بىز ئۆزىمىزنى ئىدارە قىلىش ۋە كونترول قىلىشنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا چېچىلاڭغۇلۇق، قالايمىقانچىلىق ۋە نىشاندىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنالايمىز ۋە ئۆزىمىزنى بىر نىشان، بىر ساهەگە مەركەزلەشتۈرەلەيمىز. (دىققەتنى مەلۇم نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتتىكى مۇهىم هالقىلارنىڭ بىرى).

6. دائىم يېنىمىزدىن كىچىك بىر خاتىرىنى ئايرىماي، ئاڭلىغان مۇهىم ئۇچۇرلار، قىممەتكە ئىگە هېكمەتلەر ۋە پىكىرلەرنى، شۇنداقلا مۇلاهىزە ۋە مۇهاكىمىلەرنى يېزىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇلار ئالدىمىزدىكى دوسكىغا سىزماقچى بولغان رەسىمىمىزگە خىمىر-تۇرۇچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

7. هەر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن چوقۇم شۇ ئىشنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز ۋە مۇنداق ئالتە سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك:

1) مەن نېمە قىلىمەن؟

2) نېمە ئۈچۈن قىلىمەن؟

3) قاچان قىلىمەن؟

4) قانداق قىلىمەن؟

5) قەيەردىن باشلايمەن؟

6) قەيەردە قىلىمەن ياكى قەيەرگە يەتكۈزىمەن؟

مانا بۇ سوئاللارغا تاقىتىمىز يەتكەن مىقداردا ئېنىق، تەپسىلى جاۋاب تېپىپ چىقىشىمىز ۋە ئاندىن شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشىمىز كېرەك.

8. ئارىمىزدىكى دانىشمەن، ئىش ئۇقىدىغان، تەجرىبىلىك كىشىلەردىن مەسلىھەت ئېلىشىمىز كېرەك. گاھىدا ئۇلاردىن چىققان بىر جۈملە سۆز بىزنى ئۇزاق مەزگىللىك قايمۇقۇش، بىھۇدە جاپا تارتىش ۋە تۈيۈق يوللاردا تەمتىرەپ يۈرۈشتىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

9. ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ساھەدە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىكى بارلىق ئىقتىدار ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا پايدىلانغىلى بولىدىغان ھەر قانداق ۋاستە ۋە ئۇسۇللارنى قوللانساق بولىدۇ. ئەمما چوقۇم شۇ ئۇسۇل ۋە ۋاستەلەر شەرئىي رامكىلاردىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەك.

10. يېڭى-يېڭى ئېسىل ئادەت ۋە خاراكتېرلەرنى يېتىلدۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا بۇلار بىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرىمىزغا خۇددى «ئالتۇن ئۇزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك يارىشىدۇ. بىز شۇ خاراكتېر ۋە ئادەتلەر ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ھايات مەسلىكىمىزنى بەرپا قىلالايمىز.

11. ھەر دائىم نورمال، تەڭپۇڭ ھالەتنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. نورماللىق ۋە تەڭپۇڭلۇق سائادەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھاياتنىڭ ئاساسى. ھەر ئادەمگە ۋە ھەر شەيئىگە ئۆزىگە مۇناسىپ رەۋىشتە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆز ھەققىنى بېرىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

12. سەزگۈرلۈك، ئىرادىلىك بولۇش، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق... قاتارلىقلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات بەرپا قىلىش ئويىدىكىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان خىسلەتلەردۇر. بىز مەيلى ئېغىرچىلىق ۋاقىتلاردا بولسۇن ياكى پاراۋانلىق ۋاقىتلاردا بولسۇن مەزكۇر خىسلەتلەردىن مەھرۇم قالماسلىقىمىز لازىم.

13. ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە ياردىمى ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر. بۇلارغا پەقەت چىن ئىخلاس ۋە ئىستىقامەت ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ...




## قىممەتقارىشىڭلاردىن ۋاز كەچمەڭلار!

قەلبىمىزدە ئورۇنلاشقان ئىمان ۋە

قۇرئان-ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بولغان ئىتائەت ھەربىرىمىزنى يۈكسەك پرىنسىپ ۋە بۈيۈك قىممەتقاراشقا ئىگە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھەقىقىي قىممىتىمىز مەزكۇر قىممەتقاراش ۋە پرىنسىپلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلەلىگەنلىكىمىزگە قارىتا بولىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، بىز بۈگۈن كۈندە غايەت زور مەدەنىيەت دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. مەزكۇر دولقۇنلار ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە قىممەتقاراشلاردا بىزگە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتلەر ۋە خەلقلەر تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. شۇنىڭدەك ھەر يەر، ھەر جايلاردا نەرە تارتىۋاتقان بەينەلمىلەلچىلىك (خەلقئارالىشىش) كىشىلەرگە يۈكسەك ئىسلامىي قىممەتقاراش ۋە پەزىلەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرغان ھالدا ماددىي مەنپەئەتلەر تەرىپىگە ئىتتىرىمەكتە. مانا بۇلار بىزگە ئىنتايىن زور خىرىس شەكىللەندۈرمەكتە.

ئى ياشلار، يېشىڭلار چوڭىيىپ، ئېڭىڭلار ئېچىلغانسېرى، ھاياتنى چۈشەنگەنسېرى ئۆزۈڭلارنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆرىسىلەر. ئۇلار سىلەردىن پرىنسىپىڭلار، ۋىجدانىڭلار، ئادىمگەرچىلىكىڭلار ۋە پەزىلەتلىرىڭلاردىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلەرنىڭ بۇلارغا قارشى ئىدىيە تەييارلىقىڭلار بولۇشى كېرەك. ئەتراپىڭلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىزىقتۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھارام يوللارغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار بەخت ۋە ئالىيجانابلىقتىن نېسىۋىسىز كىشىلەردۇر. بىز ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ سانىغا ئالدىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. گەرچە بىزگە خىرىس قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئىنتايىن ئاجىز، بىئېتىبار كىشىلەردۇر.

بىر دانا مۇنداق دېگەنىكەن: «ھەقىقەت يولىدا ماڭغۇچىلارنىڭ ئازلىقىغا قاراپ ھەرگىز مەيۈسلەنمە، باتىل يولىدا ئازغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەيران قالدۇرمىسۇن.» شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، بىز سىناق دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ھاياتلىقتىكى جىمى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز ناتايىن. خۇسۇسەن پرىنسىپ بىلەن، قىممەتقاراشلىرىدىن چەتنىمىگەن ھالدا ياشايمەن دېگەن بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمان ۋە ئىستەكلىرىگە يېتىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى چاغلاردا ئارزۇ-ئىستەكلەر بىلەن قىممەتقاراشلار توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ۋە چوقۇم شۇلارنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىمىز، بۇنداق ۋاقىتلاردا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھەقىقەت ۋە قىممەتقاراشلىرىمىزغا چىڭ ئېسىلىشىمىز، ئىززەت ۋە غۇرۇرىمىزدىن قەتئىي چۈشۈپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىزدە مۇنداق بىر ئالتۇن قائىدە بارغۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مەلۇم بىر نەرسىنى تەرك ئەتكەن بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئېسىلى بىلەن توشقۇزۇپ بېرىدۇ.»

## بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىممەتقاراش ۋە ئەخلاق رامكىسىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا بارلىق ئىقتىدار ۋە تالانتىڭلارنى ئىشلىتىپ مەنپەئەتىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭلار.

2. توغرا يول ۋە توغرا پرىنسىپلىرىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن ماددىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىشكە ۋە بەدەل تۆلەشكە ئادەتلىنىڭلار.

3. مال-دۇنيا ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر نەرسە ئەمەس. بىز كىشىلەرنى ھاياتىمىزدا زادىلا ۋاز كەچكىلى ۋە سودىلاشقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقتە مۇستەھكەم تۇرغىلى مۇيەسسەر قىلسۇن!




## ئەمگەك ھايات ئاچقۇچىدۇر

بۇ ھايات گوياكى قۇلۇپلانغان ساندۇق. ھەممىمىز بۇ ساندۇقتا زادى نېمە بارلىقىغا قىزىقىمىز. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئاچقۇچى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەمگەكتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل دېگۈدەك قاتارى كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئىمان بىزگە كەلگۈسى ئارزۇلىرىمىزنى تىكلەپ بېرىدۇ ۋە بىزنى شۇ ئارزۇلارغا يېتىش يولىغا باشلايدۇ. ئەمگەك (يەنى ياخشى ئىش) بىزنىڭ شۇ ئارزۇلار يولىدىكى تۇلپارلىرىمىزدۇر. بىز شۇ تۇلپارلارغا مىنىپ ئارزۇلىرىمىزغا يېتىمىز ياكى يېقىنلىشىمىز. مېنىڭ بىلىشىمچە ئىنساندا غايەت زور ئىمكانىيەت زاپىسى مەۋجۇت. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىنتايىن كاتتا پۇرسەتلەر بېرىلگەن. لېكىن كۆپىنچىمىز بۇ ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتلەردىن مۇناسىپ رەۋىشتە پايدىلانمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟! بۇنىڭغا ھورۇنلۇق ۋە روھىي ئېنېرگىيەمىزنى قازماسلىق... قاتارلىقلارنى ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەب سۈپىتىدە كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ماگا دانىشمەنلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى ئىنتايىن بەك يارايدۇ: «ئىنسان ئاجىز ئەمەس، ئەمما ئۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ھورۇن.»

مەن ئۈمىدسىز، ئىشسىز، بىكار تەلەت ياشلارنى كۆرگىنىمدە ئىنتايىن بىئارام بولىمەن. ئۇلارنىڭ كوچىلاردا بىكار لاغايلاپ يۈرۈشى، كۈندىلىك چىقىملىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن سوراپ ئېلىشى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرىدۇ.

ئەي قەدىرلىك ياشلار، ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتكە ياكى ھۈنەر-كەسىپكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار. ناۋادا ئېرىشىپ قالساڭلار بار ئىقتىدارىڭلار بىلەن ئۆز ئىشىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار ۋە ئەڭ ياخشى قىلىشقا تىرىشىڭلار. قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارغا قارىتا خۇددى ئېمتىھان مەيدانىدىكىدەك ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇڭلار. شۇنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلاركى، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇندىغان خىزمىتىڭلار سىلەرگە كەلگۈسىدە ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىشى ۋە ئالدىڭلاردا كەڭ ئۇپۇقلارنى ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئەمەلىي مىساللارمۇ تالاي.

ئەي قەدىرلىك ياشلار، سىلەر قانداق ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن قەتئىينەزەر ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ۋە ئەڭ پۇختا قىلىشقا تىرىشساڭلارلا مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىشلاردا گەپ يوق. سىلەر شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن كۆندىلىك خىزمىتىڭلار ياكى ۋەزىپەڭلارنى داۋاملاشتۇرساڭلار سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېنېرگىيەرىڭلەر قىزىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ ۋە ئۆزۈڭلارنى ئىنتايىن زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراۋاتقاندەك ھېس قىلىسىلەر. (دەل مۇشۇ تۇيغۇ ئىنساننى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر).

ئەمگەك (ئەمەل) ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك بىر تالاي جاپا-مۇشەققەتلەر بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېئمىتىدۇر. بىز قىلىۋاتقان ئەمگەك (ئەمەل) مەيلى قانچىلىك ئەرزىمەس ياكى كىچىك ئىشلار بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىش پۇرستىنى ئاتا قىلىدۇ. ئىزچىللىقا ئىگە قىلىنغان ھەر قانداق ئەمگەك (ئەمەل)نىڭ ئەڭ بولمىغاندا مۇنداق بىر قانچە ئەھمىيىتى بار:

1. بىكار-تەلەتلىكتىن ساقلاپ قالىدۇ.

2. قۇرۇق ئارمانلار ۋە خام خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە باشلايدۇ.

3. ئۆزىمىزنى بايقاش، يوشۇرۇن ئېنىرگىيەمىزنى قېزىپ چىقىش ۋە تالانتىمىزنى جارىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

4. ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە كەيپىياتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق كېيىنكى ھاياتىمىزنى ئوڭشايلاشتۇرىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. «ھاياتلىق ھەرىكەتتە» دېگەن ئالتۇن پىرىنسىپنى ئۆزۈڭلارغا قىبلىنامە قىلىڭلار ۋە بارلىق ئىشلىرىڭلارنى تۈجۈپلەپ رەتلەپ چىقىڭلار. شۈبھىسىزكى، يېڭىچە ھەرىكەت يېڭىچە ھايات دېمەكتۇر.

2. ناۋادا ئۆزۈڭلارغا ماس كېلىدىغان خىزمەت تاپالمساڭلار، بىكار لاغايلاپ يۈرگەندىن ئاددىي بولسىمۇ جەمئىيەتكە، ئاۋامغا، ھېچبولمىسا ئۆزۈڭلارغا مەنپەئەتلىك بىرەر ئىشقا ئەمەك بولۇڭلار.

3. جاھاندا تۆۋەن ئەمگەك ياكى نومۇس قىلارلىق خىزمەت مەۋجۇت ئەمەس. ئەسلىدە ئەڭ نومۇس قىلىشقا تېگىشلىكى بىكار-تەلەتلىك، ئاتا-ئانىسىغا، جەمئىيەتكە يۈك بولۇۋېلىش، كىشىلەرنىڭ رىسقىغا كۆز قىزارتىش ۋە ئوغرىلىق... قاتارلىقلاردۇر.

ھەرقانداق يۇرت، ھەر قانداق جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەر مەۋجۇت. ھەقىقى سالاھىيەتلىك ئادەملەر ئاستا-ئاستا پۇرسەتلەرگە ئۇدۇللىشىپ قالىدۇ. لېكىن ئەڭ چاتاق يېرى پۇرسەتنى تۇتالايدىغان، ئۆزىدە سالاھىيەت يېتىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ بولماسلىقىدۇر. ئۇنداقتا سىلەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭلاردا ياخشى بىر سالاھىيەت يېتىلدۈرۈڭلار. (ھەر قاچان نېمە ئىش قىلسام بولار دېيىشتىن بۇرۇن، مەن نېمە ئىشقا يارايمەن دېگەننى ئويلاڭلار ۋە شۇنىڭ جاۋابىغا تەييارلىق كۆرۈڭلار).



# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
| --- | --- | --- |
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | مەتمىن قارىم | 00966502382971 |